# ئۆلىمالار

# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.



2022-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 5-سان

—— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال ——

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## مۇندەرىجە

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە راۋاجلانغان ھەدىس توپلاش ھەرىكىتى ................................. **ئابدۇسالام تەكلىماكان (2)**

سۈرە ئەسىرنىڭ تەپسىرى.................. **ئابدۇرېھىم دۆلەت (16)**

ئىجتىھاد، تەقلىد ۋە مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ پرىنسىپلىرى....
**مۆمىنجان سىدىق (42)**

ئىسلامدا ئادالەت چۈشەنچىسى .......**ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى (54)**

ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىككى ئاتالغۇ...... **ئاتائۇللاھ سەئىد (64)**

ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى........**تاھىرجان ئابباس (74)**

تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئورنى ..................................
**مۇھەممەد يۈسۈپ (81)**

ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەقلىي دەلىللىرى ................
**ئابدۇلئەھەد ھاپىز (91)**

(مۇقاۋىدا مۇھەممەد سالىھ داموللام)

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak
No: 27 Daire:5 Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org olemalarjournili@gmail.com

2022-يىللىق
1-سان
(ئومۇمىي 5-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور
ئاتاۋۇللاھ شاھيار

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۈجات
تاھىرجان ئابباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېديا
www.istiqlalmedia.com



هىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ھەدىس (1)

# ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە راۋاجلانغان ھەدىس توپلاش ھەرىكىتى

ئابدۇسالام تەكلىماكان

## ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەريانى

ھەدىس - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆزى، ئىش – ھەرىكىتى، ماقۇللۇقى ۋە سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇدۇر[1]. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەدىس - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت، سۈپەت ۋە ماقۇللۇق قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئون تۆت ئەسىر ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان بۇ بىرىكمىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ ئۆزىنىلا بىر مۆجىزە دېسەك، ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى تۆت باسقۇچتىن تەركىب تاپقان:

**رىۋايەت باسقۇچى:** ھەدىسلەرنىڭ ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ سائادەت دەۋرىدىلا باشلىنىپ بولغان.

**كىتابەت باسقۇچى:** ھەدىسلەرنىڭ رەتلەنمەستىن يېزىلىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچمۇ سائادەت دەۋرىدە باشلانغان.

**تەدۋىن باسقۇچى:** يېزىلغان ھەدىسلەرنى ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىپ كىتابلاشتۇرۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبنى شىھاب زۇھرىي تەرىپىدىن باشلانغان.

**تەسنىف باسقۇچى:** ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ پەرقلىق مېتودلار بويىچە رەتلىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە باشلىنىپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن. (ماقالىمىز بۇ باسقۇچ ھەققىدە بولىدۇ).

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشىنى يۇقىرىقى باسقۇچلار بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سۆز ياكى ئىش قىلغان چاغدا، كۆپىنچە ئەھۋالدا بىردىن كۆپ ساھابە سورۇندا مەۋجۇت بولاتتى. ساھابىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش

[1] جامالىدىن قاسىمىنىڭ «قواعد التحديث من فنون مصطلح الحديث» ئىسىملىك ئەسىرى، 20 – بەت، بېيرۇت، 2004.

مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىغان بولسا، ئاز بىر قىسىم ساھابىلەر ھەدىسنى يېزىۋېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئالدىنقى سانلاردىكى ماقالىلىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى شۇ پېتى يېزىۋالغان ساھابىلەر ۋە يازمىلىرى، ساھابىلەردىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يېزىۋالغان تابىئىينلار ۋە ئۇلارنىڭ يازمىلىرى، شۇنداقلا ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەۋىرداش بولغان ئىبنى شىھاب زۇھرىي قاتارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشتىكى تۆھپىلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئارقىلىق ھەدىسلەرنىڭ ھىجرىيە ئۇچىنچى ئەسىردىن ئاۋۋال پەقەتلا ئاغزاكى رىۋايەت بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىك سەپسەتىلىرى بىتچىت قىلىنىغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپلا ئىلمىي خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە كۆنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئاشۇ مۇقەددەس يولغا قايتىماي تۇرۇپ، نىجاتلىقتا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئەسلىتىلگەنىدى. ھۆزۈرىڭىزدىكى ماقالىمىز بولسا، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە راۋاجلانغان ھەدىس يېزىش ھەرىكىتى ھەققىدە بولىدۇ. ساھابە ۋە تابىئىينلار دەۋرىدە باشلانغان ھەدىس يېزىش ھەرىكىتى تابىئىينلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە ئەتبائى تابىئىينلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ھەدىسلەر كىتابلىشىشقا قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىگەن. بۇ دەۋردە ھەدىسلەر مەلۇم مېتودقا باغلانماستىن ئەركىن يېزىلغان بولسىمۇ بەزى مېتودلار بۇ دەۋرلەردە بايقىلىشقا باشلىغان. تۆۋەندە ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە يېزىلغان ئەپسۇسكى، كۆنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ھەدىس كىتابلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## ئىمام ماجىشۇنىڭ ئەسىرى

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ماجىشۇن ئەلمەدەنىي بولۇپ، ئەييۇب سىختىيانىي، ھۇمەيد تەۋىل، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەبۇ ھازىم سەلەمە ئىبنى دىنار، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ماجىشۇندىن ئىبراھىم ئىبنى تاھمان، ئەسەد ئىبنى مۇسا، ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھ ئىجلىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، ئەسمەئىي، ئەلى ئىبنى جەئد، لەيس ئىبنى سەئد، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەزىد ئىبنى ھارۇن، ئەبۇ داۋۇد تايالىسىي قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: ھىجرىيە 148 – (766م) يىلى ھەجگە بارغانىدىم، بىر جاكارچىنىڭ:

- مالىك ئىبنى ئەنەس بىلەن

[2] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 18 – جىلد، 155 – بەت. بېيرۇت – 1980.

ماجىشۇندىن باشقىلار مۇسۇلمانلارغا پەتىۋا بەرمىسۇن، - دەپ جاكارلىغىنىنى ئاڭلىدىم[3].

ئەھمەد ئىبنى كامىل مۇنداق دەيدۇ: ماجىشۇن بىر نەچچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىبنى ۋەھب رىۋايەت قىلغان[4].

يۇقىرىقى باياندىن ماجىشۇننىڭ ھەدىس ھەققىدە كىتاب يازغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كىتابلىرى كۈنىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ماجىشۇن 146ھ (781م) – يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان[5].

## ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ «مۇسەننەف» ناملىق ئەسىرى

ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا كۇفىي، 74ھ (693م) – يىلى تۇغۇلغان[6]. ئۇ سەلەمە ئىبنى كۇھەيل، ئامىر شەئبىي، ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، نافىئ، ئەبۇ زۇبەير مەككىي قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ئىبنى ئەبۇ لەيلادىن بولسا، سۇفيان سەۋرىي، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئابدۇلمەلىك ئىبنى جۇرەيج، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[7].

ئىجلىي مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەبۇ لەيلا ھەدىس ۋە فىقھى ئىلمىگە پىششىق ئىدى. شۇنداقلا قىرائەت ئىلمىدىمۇ كاتتا ئالىم ئىدى[8].

مەنبەلەردە ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ ھەدىس ھەققىدە «مۇسەننەف»[9] ئىسىملىك بىر ئەسەر يازغانلىقى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ئەسەر كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئىبنى ئەبۇ لەيلا 148ھ (765م) – يىلى ۋاپات تاپقان[10].

## سىيەر ئىمام ئەۋزائىي

ئەبۇ ئەمر ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەمر ئىبنى يەھمۇد شامىي ئەۋزائىي 88ھ (707م) – يىلى شامدا تۇغۇلغان[11]. ئۇ رەبىئە ئىبنى ئابدۇرراھمان، سۇلەيمان ئىبنى مىھران ئەئمەش، ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم، ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، ئەمر ئىبنى شۇئەيب، قەتادە ئىبنى دەئامە، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن، مۇھەممەد باقىر، ئىبنى شىھاب

[3] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 18 – جىلد، 157 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[4] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 ـ جىلد، 354 ـ بەت. بېيرۇت ـ 1996.

[5] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 18 – جىلد، 157 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[6] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi)ئىبنى ئەبۇ لەيلا ماددىسى، ئاپتورى: ساففەت كۆسە.

[7] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 25 – جىلد، 624 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[8] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 25 – جىلد، 626 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[9] ئىبنى سەئدنىڭ (الطبقات الكبرى) ئىسىملىك ئەسىرى، 6 – جىلد، 379 – بەت. بېيرۇت – 1968.

[10] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 11 – جىلد، 385 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[11] ئىبنى سەئدنىڭ (الطبقات الكبرى) ئىسىملىك ئەسىرى، 7 ـ جىلد، 488 ـ بەت. بېيرۇت ـ 1968.

زۇھرىي، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، مەكھۇل شامىي، مەيمۇن ئىبنى مىھران، نافىئ، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا، بەقىييە ئىبنى ۋەلىد، سۇفيان سەۋرىي، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇررەززاق ئىبنى ھەممام، مالىك ئىبنى ئەنەس، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[12].

ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي مۇنداق دېگەن: ئۆز دەۋرىدە ھەدىس ئىلمىدە يېتىلگەن ئۆلىمالار تۆت ئىدى؛ شامدا ئەۋزائىي، ھىجازدا مالىك، كۇفەدە سۇفيان سەۋرىي ۋە بەسرەدە ھەمماد ئىبنى زەيد[13]. ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام مۇنداق دەيدۇ: تۇنجى كىتاب يازغانلار ئىبنى جۇرەيج ۋە ئەۋزائىيدۇر[14]. ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن: ئەۋزائىي ئەگىشىشكە تېگىشلىك بىر يېتەكچىدۇر[15]. ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: ئىبادەتتە ئەۋزائىيدىنمۇ تىرىشچان بىرىنى كۆرمىدىم[16].

ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: ئەۋزائىي ئىملا خاتالىقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن كىتابلىرىنى مۇھەررىرگە بېرەتتى[17].

ئەۋزائىينىڭ «سىيەر» ئىسىملىك ئەسىرىنىڭ قول يازمىسى[18] رىياد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە رەددىيە سۈپىتىدە «ئەۋزائىينىڭ سىيەر كىتابىغا رەددىيە» دېگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە مەزكۇر ئەسەر 1990– يىلى، بېيرۇتتا نەشر قىلىنغان[19].

ئەۋزائىي 157ھ (774م) – يىلى بېيرۇتتا ۋاپات تاپقان[20].

## ئىبنى ئەبۇ زىئبنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ ھارىس مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇغىرە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئەبۇ زىئب مەدىنىي، 80ھ (699م) يىلى تۇغۇلغان[21]. ئۇ ھەسەن ئىبنى زەيد ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئەبۇ زىناد، ئىكرىمە، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، نافىئ قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس

[12] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 17 – جىلد، 307 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[13] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 132 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[14] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 130 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[15] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 131 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[16] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 140 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[17] خەتىب باغدادىينىڭ (الكفاية في علم الرواية) ئىسىملىك ئەسىرى، 2 – جىلد، 155 – بەت. مىسىر – 2002.

[18] ئەۋزائىنىڭ (السير) ئىسىملىك ئەسىرى، رىياد ئۇنىۋېرسىتېتى قول يازما كۇتۇپخانىسى، 193 – نومۇرلۇق قول يازما.

[19] ئەبۇ يۇسۇفنىڭ (الرد على سير الأوزاعي) ئىسىملىك ئەسىرى، بېيرۇت – 1990.

[20] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi)ئەۋزائى ماددىسى ، ئاپتورى : سالىم ئۆگۈت .

[21] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi)ئىبنى ئەبۇ زىئب ماددىسى، ئاپتورى: ئىبراھىم خەتىب ئوغلى.

ئالغان. ئىبنى ئەبۇ زىئبدىن بولسا، ئادەم ئىبنى ئەبۇ ئىياس، ئەسەد ئىبنى مۇسا، سۇفيان سەۋرىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسلەمە قەئنەبىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئەلى ئىبنى جەئد، مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ۋاقىدىي، مەئمەر ئىبنى راشىد، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان، يەزىد ئىبنى هارۇن قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[22].

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەبۇ زىئب ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان سالىھ كىشى ئىدى[23]. ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: لەيس ئىبنى سەئىد بىلەن ئىبنى ئەبۇ زىئبنى كۆرەلمىگىنىمگە ئۆكۈنىمەن[24].

كەتتانىي مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىدە ھەدىس ھەققىدە كىتاب يازغان تۇنجى كىشى ئىبنى ئەبۇ زىئب ئىدى[25].

دارۇقۇتنىي مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەبۇ زىئب «مۇۋەتتەئ» ئىسىملىك بىر ئەسەر يازغانىدى[26].

ئىبنى نەدىم مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەبۇ زىئبنىڭ «سۇنەن» ئىسىملىك بىر ئەسىرى بار بولۇپ، بۇ ئەسەردە تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگە ئالاقىدار ھەدىسلەر بار ئىدى[27].

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئىمام ئىبنى ئەبۇ زىئبنىڭ كىتاب يازغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئىبنى ئەبۇ زىئب 159ھ (776م) – يىلى ۋاپات بولغان[28].

## ئىمام شۇئبە ئىبنى ھەججاجنىڭ ئەسرى

ئەبۇ بەستام شۇئبە ئىبنى ھەججاج ئىبنى ۋەرد ۋاسىتىي 82ھ (701م) - يىللىرى ئارىسىدا ۋاسىتتا تۇغۇلغان[29]. ئۇ ئەبان ئىبنى تەغلىب، ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە، سابىت ئىبنى ئەسلەم بۇنانىي، جەئفەر سادىق، ھۇمەيد تەۋىل، رەبىئە ئىبنى ئابدۇرراھمان، سۇلەيمان ئەئمەش، ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار، ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، ئوسمان بەتتىي، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئەمر ئىبنى دىنار، مالىك ئىبنى ئەنەس، ئەبۇ زۇبەير مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم مەككىي، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد، سەلەمە ئىبنى كۇھەيل، قەتادە ئىبنى دەئامە، ئەمر ئىبنى دىنار،

[22] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 25 – جىلد، 634 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[23] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 25 – جىلد، 635 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[24] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 25 – جىلد، 636 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[25] كەتتانىينىڭ (الرسالة المستطرفة لبيان مشهور كتب السنة المصنفة) ئىسىملىك ئەسىرى، 9 – بەت. بېيرۇت – 1986.

[26] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 169 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[27] ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 315 – بەت. بېيرۇت – 1978.

[28] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 167 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[29] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) شۇئبە ئىبنى ھەججاج ماددىسى، ئاپتورى: ئىبراھىم خەتىب ئوغلى.

ئەييۇب سىختىيانىي، مەنسۇر ئىبنى مۇئتەمىر قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. شۇئبەدىن بولسا، ئەسەد ئىبنى مۇسا، سۇفيان سەۋرىي، شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ نەخەئىي، ئەبۇ ئاسىم نەبىل، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسلەمە قەئنەبىي، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، ئەلى ئىبنى جەئد، نەزر ئىبنى شۇمەيل، ھۇشەيم ئىبنى بەشىر، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان، يەزىد ئىبنى زۇرەيئ، يەزىد ئىبنى ھارۇن، ئەبۇ داۋۇد تايالىسىي قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[30].

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دېگەن: شۇئبەنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭغا تەڭداش كىشى يوق ئىدى[31]. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: شۇئبە ھەدىس ئىلمىدە يېتەكچىدۇر[32]. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: شۇئبە ھەدىس ئىلمىدا ئەمىرۇلمۇئمىنىن مەرتىۋىسىدىدۇر[33]. نەزر ئىبنى شۇمەيل مۇنداق دەيدۇ: شۇئبەدەك يوقسۇللارغا مېھرىبان بىرىنى كۆرمىدىم[34]. يەھيا ئىبنى مەئىن مۇنداق دېگەن: شۇئبە تەقۋادارلارنىڭ ئىمامىدۇر[35].

[30] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 12 – جىلد، 489 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[31] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 12 – جىلد، 490 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[32] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 12 – جىلد، 490 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[33] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 12 – جىلد، 491 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[34] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 12 – جىلد، 492 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[35] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 12 ـ جىلد، 493 ـ بەت. بېيرۇت ـ 1980.

ئەلى ئىبنى مەدىنىي مۇنداق دەيدۇ: ھەدىسلەرگە قارىغىنىمدا ئىسنادىنىڭ زۇھرىي، ئەمر ئىبنى دىنار، قەتادە، يەھيا ئىبنى ئەبۇ كەسىر، ئەبۇ ئىسھاق ۋە ئەئمەشتىن ئىبارەت ئالتە كىشى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىلمى بولسا كىتاب ئاپتورلىرىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەسرە خەلقىدىن شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، مەئمەر ۋە ئەبۇ ئەۋانە بار[36].

ئەلى ئىبنى مەدىنىينىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن شۇئبە ئىبنى ھەججاجنىڭ ھەدىس ھەققىدە كىتابى بارلىقىنى بايقاش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

شۇئبە ئىبنى ھەججاج 160ھ (776م) – يىلى بەسرەدە ۋاپات بولغان[37].

## ئىمام زائىدە ئىبنى قۇدامەنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ سەلت زائىدە ئىبنى قۇدامە سەقەفىي كۇفىي، ئۇ ھۇمەيد تەۋىل، سۇفيان سەۋرىي، سۇلەيمان ئەئمەش، سىماك ئىبنى ھەرب، ئاسىم ئىبنى ئەبۇ نەجۇد، ئاتائ ئىبنى سائىب، مالىك ئىبنى مىغۋەل، ئىبنى ئەبۇ لەيلا، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، ئەبۇ زىناد قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان.

[36] ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رازىينىڭ (الجرح والتعديل) ئىسىملىك ئەسىرى، 1 – جىلد، 129 – بەت. بېيرۇت – 1952.

[37] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 259 – بەت. بېيرۇت – 1996.

زائىدەدىن بولسا، ھەمماد ئىبنى ئۇسامە، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، ئەبۇ ئىسھاق فەزارىي، ئەبۇ داۋۇد تايالىسىي قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[38].

ئوسمان ئىبنى زائىدە رازىي مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم كۇفەگە كەلگىنىمدە، سۇفيان سەۋرىيدىن:

- كىمدىن ھەدىس ئۆگىنىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن؟ - دەپ سورىسام، ئۇ:

- سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بىلەن زائىدە ئىبنى قۇدامەدىن ئۆگەنگىن، - دەپ جاۋاب بەرگەن[39].

زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: زائىدە ئىبنى قۇدامە ھەدىس، قىرائەت، تەفسىر ۋە زۇھد ھەققىدە ئەسەر يازغان[40].

مەنبەلەردە زائىدە ئىبنى قۇدامەنىڭ «سۇنەن»، «قىرائەت»، «تەفسىر»، «زۇھد»، «مەناقىب»[41] ئىسىملىك ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

[38] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 9 – جىلد، 276- بەت. بېيرۇت – 1980.

[39] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 423 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[40] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 13 – جىلد، 424 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[41] ئۆمەر رىزا كەھھالەنىڭ (معجم المؤلفين) ئىسىملىك ئەسىرى، 1 – جىلد، 731 – بەت. بېيرۇت – 1993، ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 316 – بەت. بېيرۇت – 1978، باغدادلىق ئىسمائىل پاشانىڭ (هدية العارفين) ئىسىملىك ئەسىرى، 1 – جىلد، 195 – بەت. ئىستانبۇل – 1951.

زائىدە ئىبنى قۇدامە 161ھ (777م) – يىلى ۋاپات بولغان[42].

## ئىمام ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ زىنادنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ زىناد ئابدۇللاھ ئىبنى زەكۋان مەدىنىدە، 100ھ (718م) – يىلى تۇغۇلغان[43]. ئۇ دادىسى ئەبۇ زىنادتىن دەرس ئېلىش بىلەن بىللە، زەيد ئىبنى ئەلى، ئەۋزائىي، مۇسا ئىبنى ئۇقبە، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ئىبنى ئەبۇ زىنادتىن بولسا، ھەمماد ئىبنى ئۇسامە، سەئىد ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ داۋۇد تايالىسىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئىبنى جۇرەيج، ئەسمەئىي، مۇھەممەد ئىبنى سابباھ دولابىي، مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ۋاقىدىي، ھەنناد ئىبنى سەرىي، ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[44].

مۇسا ئىبنى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىگە كېلىپ، مالىك ئىبنى ئەنەس بىلەن ئۇچراشتىم ۋە:

- ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم، كىمنى ئۇستاز تۇتسام بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

- ئىبنى ئەبۇ زىنادنى ئۇستاز تۇت،

[42] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) زائىدە ئىبنى قۇدامە ماددىسى، ئاپتورى: ھاياتى يىلماز.

[43] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ زىناد ماددىسى، ئاپتورى: مۇجتەبا ئۇغۇر.

[44] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 17 – جىلد، 97- بەت. بېيرۇت – 1980.

- دېدى[45].

مەنبەلەردە ئىبنى ئەبۇ زىنادنىڭ «مىراس»، «مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ فىقھىي قاراشلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن[46].

ئىبنى ئەبۇ زىناد 174ھ (790م) – يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان[47].

## ئىمام لەيس ئىبنى سەئد ئەسەرلىرى

ئەبۇ ھارىس لەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئابدۇرراھمان فەھرىي 94ھ (713م) – يىلى مىسىردا تۇغۇلغان. لەيس ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ، نافىئ، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، ئەبۇ زۇبەير، ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم، يۇنۇس ئىبنى يەزىد، ئەبۇ زىناد، قەتادە ئىبنى دەئامە، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن ئىبنى لەھىيئە، ھۇشەيم، ئىبنى ۋەھب، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، قەئنەبىي، سەئد ئىبنى ئەبۇ مەريەم، يەھيا ئىبنى يەھيا لەيسىي، يەھيا ئىبنى يەھيا تەمىمىي، قۇتەيبە ئىبنى سەئىد، ھارىس ئىبنى مىسكىن قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[48].

لەيس ئىبنى سەئد مىسىرنىڭ ئەڭ كاتتا فەقىھى، ھەدىسشۇناسى، ئالىمى ۋە كاتتىسى ئىدى، ھەتتا مىسىرنىڭ ۋالىي، قازى ۋە مۇپتىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى. ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئۇنىڭدىن مىسىرغا ۋالىي بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلغانىدى. ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىك بىلەن لەيس ئىبنى سەئد بولمىغان بولسا، ئىنسانلار ئېزىپ كەتكەن بولاتتى. لەيس ئىبنى سەئدنىڭ ئوغلى شۇئەيب مۇنداق دەيدۇ: دادام (لەيس) بىلەن ھەجگە كەلگەنىدۇق، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس دادامغا بىر تاۋاقتا خورما ئەۋەتتى، دادام تاۋاقنى بىكارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ قايتۇرۇپ بەردى. ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: لەيس ئىبنى سەئد مالىكتىنمۇ بەكرەك ئالىم ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ تالىپلىرى ئۇنىڭ ئىلمىگە ئىگە چىقالمىدى[49].

لەيس ئىبنى سەئدنىڭ «تارىخ» ۋە «فىقھىي مەسىلىلەر» ئىسىملىك ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن[50].

لەيس ئىبنى سەئدتىن:

[45] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 17 – جىلد، 98- بەت. بېيرۇت – 1980.

[46] ئۆمەر رىزا كەھھالەنىڭ (معجم المؤلفين) ئىسىملىك ئەسىرى، 2 – جىلد، 96 – بەت. بېيرۇت – 1993، ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 315 – بەت. بېيرۇت – 1978.

[47] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 15 – جىلد، 168 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[48] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 15 – جىلد، 137 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[49] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 15 – جىلد، 157 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[50] باغدادلىق ئىسمائىل پاشانىڭ (هدية العارفين) ئىسىملىك ئەسىرى، 1 – جىلد، 444 – بەت. ئىستانبۇل – 1951.

- بەزى ھەدىسلەرنى سەندىن ئاڭلايمىز، لېكىن كىتابلىرىڭدا تاپالمايمىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ:

- بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كىتابلىرىمدا بار دەپ ئويلامسىلەر، دىلىمدىكى بىلىمنى يازسام ماۋۇ پاراخوتقا پاتمىغۇدەك كىتاب بولۇپ كېتىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن[51].

يۇقىرىقى دىيالوگدىن لەيس ئىبنى سەئدنىڭ كىتاب يازغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بىرمۇ ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

لەيس ئىبنى سەئد 175ھ (791م) – يىلى مىسىردا ۋاپات تاپقان[52].

## ئىمام ھەمماد ئىبنى سەلەمەنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ سەلەمە ھەمماد ئىبنى سەلەمە ئىبنى دىنار بەسرىي، ئۇ 90ھ (709م) – يىلى بەسرەدە تۇغۇلغان[53]. ھەمماد دادىسى سەلەمە ئىبنى دىنار، ئەييۇب سىختىيانىي، سابىت بۇنانىي، ھۇمەيد تەۋىل، رەبىئە ئىبنى ئەبۇ ئابدۇرراھمان، زەيد ئىبنى ئەسلەم، سەلەمە ئىبنى كۇھەيل، ئاسىم ئەھۋەل، ئەمر ئىبنى دىنار، قەتادە ئىبنى دەئامە، ئەبۇ زۇبەير مەككىي، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا، ئادەم ئىبنى ئەبۇ ئىياس، ئەسەد ئىبنى مۇسا، خەلەفە ئىبنى خەييات، ئەبۇ داۋۇد تايالىسىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسلەمە قەئنەبىي، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، نەزر ئىبنى شۇمەيل، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبى سەئىد قەتتان، يەزىد ئىبنى ھارۇن قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان.

يەھيا ئىبنى مەئىن مۇنداق دېگەن: ھەمماد ئىبنى سەلەمە ياكى ئىكرىمە ھەققىدە سەلبىي باھا بەرگەنلەرنى كۆرسەڭ، ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن شۈبھىلەنسەڭ بولىدۇ[54]. ھەججاج ئىبنى مىنھال مۇنداق دەيدۇ: ھەمماد ئىبنى سەلەمە ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىدى[55]. ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي مۇنداق دەيدۇ: ھەمماد ئىبنى سەلەمە ئۇنىڭغا بىرى ئەتە ئۆلىسەن، - دېسىمۇ ئەمەل – ئىبادىتىنى ئاشۇرۇپ قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئەمەل – ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىدى[56].

زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: ھەمماد ئىبنى سەلەمە سەئىد ئىبنى ئەرۇبەگە ئوخشاش ھەدىس ھەققىدە تۇنجى ئەسەر يازغانلار قاتارىدىن ئىدى[57].

[51] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 24 – جىلد، 269 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[52] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) لەيس ئىبنى سەئد ماددىسى، ئاپتورى: شۈكرۈ ئۆزەن.

[53] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى (İslam Ansiklopedisi) ھەمماد ئىبنى سەلەمە ماددىسى، ئاپتورى: تايىيار ئالتىن كۈلاچ.

[54] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 7 – جىلد، 263 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[55] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 7 – جىلد، 263 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[56] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 7 – جىلد، 265 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[57] زەھەبىينىڭ (تذكرة الحفاظ) ئىسىملىك

ئىمام ھەمماد ئىبنى سەلەمەنىڭ ھەدىس ھەققىدە «سۈنەن»، «ئەۋالىي»[58] «مۇسەننەف»[59] ناملىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەرلەر كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن.

ھەمماد ئىبنى سەلەمە 176ھ (784م) – يىلى مەسجىدتە سەجدە قىلغان ھالىتىدە ۋاپات تاپقان[60].

## ئىمام شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ نەخەئىينىڭ ئەسىرى

ئەبۇ ئابدۇللاھ شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس نەخەئىي، 95ھ (713م) – يىلى بۇخارادا تۇغۇلغان[61]. ئۇ سىماك ئىبنى ھەرب، ئاسىم ئەھۋەل، سۇلەيمان ئەئمەش، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۇمەير، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. شەرىكتىن بولسا، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، لەيس ئىبى سەئد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەلى ئىبنى جەئد، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ھەنناد ئىبنى سەرىي، ئەلى ئىبنى ھىجر قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[62].

زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: شەرىك كاتتا فەقىھشۇناس ئىدى. شەرىك بىلەن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئارىسىدا بەزى ۋەقەلىكلىرى بولۇپ ئۆتكەن[63].

ھەمماد ئىبنى ئەسفاھانىي مۇنداق دەيدۇ: شەرىكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمدا ئابباسىيە خەلىپىسى ئابدۇللاھ مەھدىينىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى كىرىپ كەلدى ۋە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ھەدىس سورىدى، لېكىن شەرىك ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، بىزگە دەرس سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. خەلىپىنىڭ ئوغلى قايتىدىن سورىغانىدى، شەرىك ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىنىڭ ئوغلى:

- خەلىپە ئائىلىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتىسەنغۇ؟ - دېگەنىدى، شەرىك:

- ئۇنداق ئەمەس، لېكىن ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن ئىلىم ئىنتايىن ئىززەتلىك (لايىقىدا ھۆرمىتىنى قىلىش كېرەك)، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپىنىڭ ئوغلى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سورىغانىدى ئاندىن جاۋاب بەردى[64].

شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ

---

ئەسىرى، 1 – جىلد، 151 – بەت. بېيرۇت – 1998.

[58] باغدادلىق ئىسمائىل پاشانىڭ (هدية العارفين) ئىسىملىك ئەسىرى، 1 – جىلد، 176 – بەت. ئىستانبۇل – 1951.

[59] كەتتانىينىڭ (الرسالة المستطرفة لبيان مشهور كتب السنة المصنفة) ئىسىملىك ئەسىرى، 40 – بەت. بېيرۇت – 1986.

[60] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 7 – جىلد، 265 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[61] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى İslam (Ansiklopedisi شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ ماددىسى، ئاپتورى: مەھمەت ئەلى سۆنمەز.

[62] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 8 – جىلد، 201 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[63] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 8 – جىلد، 202 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[64] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 8 – جىلد، 207 – بەت. بېيرۇت – 1996.

ھەدىس يازغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كۇفەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقىنىمدا سۇتچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلۇمغا دەپتەر ۋە قەلەم سېتىۋېلىپ، ھەدىس ئىلمىنى يازاتتىم، كېيىن فىقھ ئىلمىگە يۈزلەندىم[65].

ئىمام شەرىكنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن ئۇنىڭ ھەدىس يازغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ 177ھ (794م) – يىلى كۇفەدە ۋاپات بولغان[66].

## ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئەيياشنىڭ «مۇسەننەف» ناملىق ئەسىرى

ئەبۇ ئۇتبە ئىسمائىل ئىبنى ئەيياش ئىبنى سۇلەيم ئەنسىي، 108ھ (726م) – يىلى تۇغۇلغان[67]. ئۇ زەيد ئىبنى ئەسلەم، سۇفيان سەۋرىي، سۇلەيمان ئەئمەش، ئەۋزائىي، ئىبنى جۇرەيج، مۇسا ئىبنى ئۇقبە، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئىسمائىلدىن بولسا، سەئىد ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ داۋۇد تايالىسىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئابدۇرراززاق ئىبنى ھەممام، ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئىبنى سەللام، لەيس ئىبنى سەئد، مۇھەممەد ئىبنى سالام بەيكەندىي، ھەنناد ئىبنى سەرىي، ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم، يەزىد ئىبنى ھارۇن، يەھيا ئىبنى مەئىن قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[68].

يەئقۇب ئىبنى سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئۆلىمالىرىمىز: شام ئەھلىنىڭ ئىلمى ئىسمائىل ئىبنى ئەيياش بىلەن ۋەلىد ئىبنى مۇسلىمدا ئىدى، - دېيىشەتتى[69]. يەزىد ئىبنى ھارۇن مۇنداق دەيدۇ: شام ۋە ئىراق تەرەپتە ئىسمائىل ئىبنى ئەيياشتەك ھەدىس يادلىغان يەنە بىر ئادەم كۆرمىدىم[70].

ئىسمائىل ئىبنى ئەيياشنىڭ «مۇسەننەف»[71] ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

ئىسمائىل ئىبنى ئەيياش 181ھ (797م) – يىلى ۋاپات بولغان[72].

[65] خەتىب باغدادىينىڭ (تاريخ بغداد) ئىسىملىك ئەسىرى، 10 – جىلد، 384 – بەت. بېيرۇت – 2002.

[66] ئەبۇ ئىسھاق شىرازىنىڭ (طبقات الفقهاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 86 – بەت. بېيرۇت – 1970.

[67] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى İslam) Ansiklopedisi)ھۆشەيم ئىبنى بەشىر ماددىسى، ئاپتورى: سالاھىدىن پولات.

[68] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 3 – جىلد، 168 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[69] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 3 – جىلد، 171 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[70] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 3 – جىلد، 172 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[71] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 3 – جىلد، 175 – بەت، بېيرۇت – 1980، ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رازىينىڭ (الجرح والتعديل) ئىسىملىك ئەسىرى، 1 – جىلد، 129 – بەت. بېيرۇت – 1952.

[72] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 15 – جىلد، 336 – بەت. بېيرۇت – 1996.

## ئىمام ھۇشەيم ئىبنى بەشىرنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ مۇئاۋىيە ھۇشەيم ئىبنى بەشىر ئىبنى دىنار ۋاسىتىي، 104ھ (722م) – يىلى بۇخارادا تۇغۇلغان[73]. ئۇ ئەييۇب سىختىيانىي، ھۇمەيد تەۋىل، سۇلەيمان ئەئمەش، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئاسىم ئەھۋەل، ئۇسمان بەتتىي، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئەمىر ئىبنى دىنار، لەيس ئىبنى سەئد، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد، ئەبۇ زۇبەير مەككىي قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دەرس ئالغان. ھۇشەيمدىن بولسا، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەھمەد ئىبنى مەنىئ بەغەۋى، ئەبۇ خەيسەمە زۇھەير ئىبنى ھەرب، سەئىد ئىبنى مەنسۇر، سۇفيان سەۋرىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، ئەلى ئىبنى مەدىنىي، ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئىبنى سەللام، قۇتەيبە ئىبنى سەئىد، مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇھەممەد ئىبنى ساباھ دولابىي، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، يەھيا ئىبنى مەئىن، يەزىد ئىبنى ھارۇن قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[74].

ھەممادە ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ھەدىسشۇناسلار ئارىسىدا ھۇشەيمدەك ئىسىل بىرىنى كۆرمىدىم[75]. ئەمىر ئىبنى ئەۋن مۇنداق دەيدۇ: ھۇشەيم

[73] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى İslam Ansiklopedisi)ھۇشەيم ئىبنى بەشىر ماددىسى، ئاپتورى: مۇستافا ئەرتۈرك.

[74] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 30 – جىلد، 277 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[75] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 30 – جىلد، 280 – بەت. بېيرۇت – 1980.

20 يىل بويىچە خۇپتەننىڭ تاھارىتى بىلەن بامدات ئوقۇغان[76].

مەنبەلەردە ھۇشەيم ئىبنى بەشىرنىڭ «تەفسىر»[77]، «سۇنەن»[78]، «قىرائەت»[79]، «جەنائىز»[80]، قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

ھۇشەيم 183ھ (799م) – يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان[81].

## ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييەنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ بىشر ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇقسىم ئەسەدىي، 110ھ (728م) – يىلى بەسرەدە تۇغۇلغان[82]. ئۇ ئەييۇب سىختىيانىي، بەھز ئىبنى ھەكىم، ھۇمەيد تەۋىل، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئەرۇبە، سۇفيان سەۋرىي، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئىبنى جۇرەيج، ئۇسمان بەتتىي، ئاتائ ئىبنى سائىب، مالىك ئىبنى ئەنەس،

[76] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 30 – جىلد، 287 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[77] ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 50 – بەت. بېيرۇت – 1978.

[78] ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 318 – بەت. بېيرۇت – 1978.

[79] ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 318 – بەت. بېيرۇت – 1978.

[80] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ (العلل و معرفة الرجال) ئىسىملىك ئەسىرى، 2 – جىلد، 342 – بەت. رىياد – 2001.

[81] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 30 – جىلد، 288 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[82] تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىسى İslam Ansiklopedisi) ئىبنى ئۇلەييە ماددىسى، ئاپتورى: سالاھەددىن پولات.

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، مەئمەر ئىبنى راشىد، يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئىبنى ئۇلەييەدىن بولسا، ئىبراھىم ئىبنى تاھمان، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەھمەد ئىبنى مەنىئ بەغەۋى، ئىسھاق ئىبنى راھىۋەيھ، ھەمماد ئىبنى زەيد، ئەبۇ خەيسەمە زۇھەير ئىبنى ھەرب، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي، ئەلى ئىبنى مەدىنىي، قۇتەيبە ئىبنى سەئىد، مۇھەممەد ئىبنى سالام بەيكەندىي، مۇھەممەد ئىبنى ساباھ دولابىي، يەھيا ئىبنى مەئىن قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان[83].

شۇئبە ئىبنى ھەججاج مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئۇلەييە فەقىھلەرنىڭ گۈلتاجى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ پېشىۋاسىدۇر[84]. يەزىد ئىبنى ھارۇن مۇنداق دەيدۇ: بەسرەگە كىرگىنىمدە، ئۇ يەردە ھەدىسنى ئىبنى ئۇلەييەدەك بىلىدىغان يەنە بىر كىشىنى ئۇچراتمىدىم[85].

مەنبەلەردە ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييەنىڭ «تەفسىر»، «تاھارەت»، «ناماز»، «ھەج» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن[86].

ئىسمائىل ئىبنى ئۇلەييە 193ھ (809م) – يىلى ۋاپات بولغان[87].

## خۇلاسە

**ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىسلامدىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئىسلامنى ھەدىستىن ئايرىپ، تەدرىجىي ھالدا قۇرئانغىمۇ تىل ئۇزىتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى يوقىتىش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خىيالى بولۇپ كەلدى. ئەپسۇسكى، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ ئەنە شۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇن يولىدا كېتىپ بارماقتا. دەل شۇنداق پەيتتە، ئىسلامنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈركۈم سالىھ ۋە تەقۋادار ئۆلىمالار ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رەزىل مەقسەت – مۇددىئالىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ئۆلىمالار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە پرىنسىپلارغا قاراتقان ھۇجۇم خاراكتېرلىك سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئاساستا رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئىسلام**


[83] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 3 – جىلد، 27 – بەت. بېيرۇت – 1980.

[84] مىززىينىڭ (تهذيب الكمال) ئىسىملىك ئەسىرى، 3 – جىلد، 27 – 28 - بەت. بېيرۇت – 1980.

[85] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 17 – جىلد، 115 – بەت. بېيرۇت – 1996.

[86] ئىبنى نەدىمنىڭ (الفهرست) ئىسىملىك ئەسىرى، 317 – بەت. بېيرۇت – 1978.

[87] زەھەبىينىڭ (سير أعلام النبلاء) ئىسىملىك ئەسىرى، 17 – جىلد، 117 – بەت. بېيرۇت – 1996.



دىننى قوغداپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زۇلۇم ۋە ئازاب خەلقىمىزنى چىرمىۋالغان مۇشۇ كۈنلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزىنى ئۆلىما چاغلىۋالغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تىل ئۇزىتىپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئۆرۈنغان. ئەپسۇسكى، ھەدىس ھەققىدە ئانا تىلىمىزدا تەييارلانغان مەنبەلەرنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى تۈپەيلى ئۇ ئازغۇن پىكىرلەر ئۇيغۇر جەمىيىتىدە چەكلىك دائىرىدە تەسىر قالدۇرۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس تارىخى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە يېزىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ھەدىس ئىلمىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلدىم. يازغانلىرىمنىڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ ئىلھامى، خاتالىرى بولسا نەپسىم ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ماقالىنى مۇقەددەس دىنىمىزغا قىلىنغان بىر خىزمەت بولۇپ قېلىشقا نېسىپ قىلسۇن ۋە ماقالىنى ئوقۇغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن... ئامىن!

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەتئىمىن بىشارەت





بىرلا ۋاقىتتا ھەم شەكىلدە ئىخچام ھەمدە مەنىدە چوڭقۇر بولۇش، ھەم ئابستراكىت كەڭلىككە ھەمدە كونكرېت ئېنىقلىققا ئىگە بولۇش، ھەم كۇللىي قانۇنىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەم جۇزئىي ئەمەللەرنى ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىك قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەسىر سۈرىسىنى دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلىك نامايەن قىلغان قىسقا سۈرىلەرنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن. قىسقىغىنا ئۈچ ئايەتتىن تەركىب تاپقان بۇ سۈرە بىر شەخس ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا بىر مىللەت ياكى جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ مەھرۇمىيەتتىن مۇيەسسەرىيەتكە، مەغلۇبىيەتتىن غالىبىيەتكە، زىياندىن پايدىغا ئۆتۈشنىڭ كۇللىي قانۇنلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كاتتا ئۆلىمالار سۈرە ئەسرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ھەيرەتلىرىنى بايان قىلىشقان. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسانلار بۇ سۈرە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكەن بولسا، ئەلۋەتتە، بۇ سۈرە ئۇلارغا كۇپايە قىلغان بولاتتى»، يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگىنىمۇ قەيت قىلىنغان: «ئەگەر يالغۇز مۇشۇ سۈرىلا نازىل بولغان بولسىمۇ، ئىنسانلارغا كۇپايە قىلغان بولاتتى»، يەنە بىر ئۆلىمامۇ «بۇ سۈرە پۈتكۈل قۇرئان ئىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن. سۈرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئەھمىيىتى سەۋەبىدىن ساھابىلەرمۇ بۇ سۈرىنى ئۆزلىرىگە شوئار قىلىشقان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن خوشلىشىشتىن بۇرۇن ئەسىر سۈرىسىنى بىر- بىرىگە ئوقۇپ بېرەتتى[1].

﴿والعصر﴾

سۈرە ئاللاھتائالانىڭ «عصر» بىلەن قىلغان قەسىمىدىن باشلىنىدۇ. ئۆلىمالار «عصر» نىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، بەزىلىرى بۇ ئەسىر نامىزى بىلەن شامنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ دېگەن بولسا، بەزىلىرى دەل ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر بولسا، بۇ خۇددى پالانى سۇلتان دەۋرى، پالانى مەدەنىيەت دەۋرى دېگەندەك تارىخ ئېقىنىدىكى مۇئەييەن زامان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان. ئادەمنى

---

[1] تەبەرانى.




ئۆمرنى ئىپادىلەيدۇ دېگەنلەرمۇ، بۇ پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىنى كۆرسىتىدۇ دېگەنلەرمۇ بار. ئىبن ئابباس «دەھر» مەنىسىدە دېگەن. ئىبن جەرىر تەبەرى بولسا ئىبن ئابباسنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتىكى ئەسىر كەلىمىسى گۈگۈم مەنىسىدە، كۈندۈزنىڭ مەلۇم ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ دېگەندەك قاراشلارنى خۇلاسىلەپ «ئاللاھتائالا قەسەم قىلغان ئەسىر ‹دەھر› دېمەكتۇر، ئۇ گۈگۈم ۋاقتىنىمۇ، كۈندۈزنىمۇ، كېچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ سۆزنى ھېچقايسىسىغا خاسلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قەسىمى دائىرىسى ئىچىدە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن[2].

يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، ئەسىر كەلىمىسىنى مۇتلەق مەنىدە ۋاقىت، دەۋر، زامان مەنىسىدە چۈشىنىش مۇمكىندۇر، خۇددى تەبەرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇنداق بىر مەنە ئۈستىدىكى بارلىق ئىزاھاتلارنى سىغدۇرالايدۇ، مەيلى ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى بولسۇن، مەيلى مەلۇم بىر دەۋر بولسۇن ۋە ياكى ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئىپادىلىسۇن، ھەممىسى ۋاقىتنىڭ بىر پارچىسى بولغاچقا، ئەسىرنىڭ مەنە دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. ھەمدە، مۇشۇنداق كەڭرى مەنىدە چۈشەنگەندە، ئايەتنى كەلىمە مەنىسى يار بەرگەن پۈتۈن قاتلاملىرى بىلەن، ئوخشىمىغان زامان، ماكانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھال – تەقەززالىرىغا لايىق، جانلىق تەپسىر قىلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

كەلىمىنى كەيىندىكى (ئىنسانلار زىيان ئىچىدىدۇر) دېگەن ئايەتتىن شەكىللەنگەن كونتېكىستتا قويغىنىمىزدا، ئەسىر كەلىمىسىنىڭ بۇ يەردە رەسۇلۇللاھنىڭ زامانى ياكى ئەسىر ۋاقتىنىڭ زامانى ۋە ياكى مەلۇم بىر زامان بۆلۈكىنى ئەمەس، بەلكى كەڭ مەنىدە پۈتكۈل دەۋر ۋە ئومۇمىي ۋاقىت ئۇقۇمىنى، تار مەنىدە بولسا ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان زىيان يۈز بېرىدىغان ئىنسان ئۆمرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى سۆزلەش مۇمكىندۇر. چۈنكى، ئەسىر

[2] تەپسىرى تەبەرى.

كەلىمىسى ئىنسانلارنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىگە باغلانغان بولۇپ، كەينىدىكى قۇتقۇزغۇچى ئەمەللەرنى تەرك ئەتكەندە، پۈتكۈل زامانلاردا (مەيلى قەدىمقى دەۋر، مەيلى سانائەت دەۋرى، مەيلى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق دەۋرلىرى بولسۇن )، ھاياتنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا (مەيلى ياشلىق، ئوتتۇرا ياش، قېرىلىق مەزگىلى بولسۇن) شەكسىز زىيان ئىچىدە بولىدىغانلىقىغا ئىشارە قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، يۇقىرىقى مەنە ئىزاھاتى توغرىغا ئەڭ يېقىن بولسا كېرەك. 20 – ئەسىردە ئۆتكەن مۇھىم ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن مۇھەممەد ئەسەد ئۆزىنىڭ مەشھۇر تەرجىمە – تەپسىرى «قۇرئان كۆرسەتمىلىرى» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى ئەسىر ئۆلچىگىلى بولىدىغان مۇئەييەن مىقداردىكى ۋاقىت بۆلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ‹دھر› بولسا ئىپتىدا ۋە ئىنتىھاسى بولمىغان چەكسىز ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىكى ئەسىر ئۆتۈپ كەتسە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ۋاقىت مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ».[3]

قەسەمگە كەلسەك، بىلىمىزكى، ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن يەرلەردە قەسەم قىلغان بولۇپ، بۇ قەسەم كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە قەسەم قىلىنغان ئوبيېكتنىڭ قىممىتى، ئەزەمىتىگە دالالەتتۇر.

﴿وَٱلۡفَجۡرِ﴾- (سۇبھى بىلەن قەسەمكى)[4]

﴿وَٱلضُّحَىٰ. وَٱلَّيۡلِ إِذَا سَجَىٰ﴾- (چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى. قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان چاغدىكى) كېچە بىلەن قەسەمكى)[5] قاتارلىق ئايەتلەر بۇلاردىن بەزى مىساللاردۇر.

﴿إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ﴾

تىل نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، بۇ ئايەتتە «إِنّ» ۋە «ل» دىن ئىبارەت تەكىتنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ياردەمچى سۆز بىرلىكتە قوللىنىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنسانلارنىڭ زىياننىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھۆكۈمنىڭ ھېچقانداق ئىككىنچى بىر ئېھتىماللىققا ئورۇن قويمايدىغان دەرىجىدە كەسكىن ۋە ئۇزۇل – كېسىللىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، چوقۇمكى، شەك – شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار ئەلۋەتتە زىيان ئىچىدىدۇر. «الانسان» كەلىمىسىدىكى «ال» ئارتىكلى بۇ يەردە جىنس ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ئىنسان جىنسىغا تەۋە بارلىق ئادەملەرنى، يەنى ھەر قانداق بىر ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچبىر ئىنسان مۇستەسنا قىلىنمىغان. «في خسر» غا كەلسەك، بۇ ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلىق بىرىكمە بولۇپ، «زىيان ئىچىدە، زىياندا، زىيانغا چۆككەن، زىياندا قالغان، زىيانغا بوغۇلغان» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «خاسر» يەنى زىيان تارتقۇچى، زىيانكار دېگەن سۆزگە قارىغاندا، زىياننىڭ تېخىمۇ مۇتلەق، تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى،

[3] The message of Quran

[4] سۇرە فەجر.

[5] سۇرە زۇھا.

يەنى پۈتكۈل ئەتراپىدىن زىيان بىلەن قورشالغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ. دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، «خسر» كەلىمىسى ئېنىقلىق ئارتىكىلى «ال» قوشۇلماستىن كەلگەن بولۇپ، بۇ زىياننىڭ زادى قانداق زىيان ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارنى ساراسىمىگە سالىدۇ، ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. خۇددى مەشھۇر مۇپەسسىر ئالۇسى ئېيتقاندەك «خسر ئېنىقسىز كەلگەن بولۇپ، بۇ زىياننىڭ كاتتىلىقىغا، ۋەھىمىلىكلىكىگە، ئۇنىڭ دەرىجىسى ۋە دائىرىسىنى پەقەت ئاللاھنىڭلا بىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ مېلىدىن، ئەھلىدىن، ئابرۇي – ئىناۋىتىدىن، نوپۇزىدىن، كۈچ – سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر، ۋەھىمىلىك زىياندۇر»[6].

«خسر» نىڭ سۆز مەنىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەرەب تىلىدىكى پايدا ئېلىش، قازىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ربح» كەلىمىسىنىڭ قارمۇقارشىسى بولۇپ، مەھرۇم قالماق، مال - مۈلكىدىن زىيان تارتماق، ھالاك بولماق، كېمەيمەك، ئازايماق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە «خسر، خاسر» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن ئايەتلەر بىزگە بۇنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ:

﴿لَّهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ﴾

(ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار - ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر)[7].

﴿ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقْطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ﴾

(پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە - رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر)[8].

﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ﴾

(بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى (قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر)[9].

﴿فَطَوَّعَتْ لَهُۥ نَفْسُهُۥ قَتْلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُۥ فَأَصْبَحَ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ﴾

(ئۇ (يەنى قابىل) نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى)[10].

[6] روح المعاني/ الالوسي.

[7] سۈرە زۇمەر، 63-ئايەت.

[8] سۈرە بەقەرە، 27-ئايەت.

[9] سۈرە بەقەرە، 121-ئايەت.

[10] سۈرە مائىدە، 30-ئايەت.

﴿قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً قَالُوا۟ يَـٰحَسْرَتَنَا عَلَىٰ مَا فَرَّطْنَا فِيهَا وَهُمْ يَحْمِلُونَ أَوْزَارَهُمْ عَلَىٰ ظُهُورِهِمْ ۚ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ﴾

(ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى قايتا تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزغا ۋاي ئىست» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۇستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلارنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان!)[11].

﴿أَفَأَمِنُوا۟ مَكْرَ ٱللَّهِ ۚ فَلَا يَأْمَنُ مَكْرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ﴾

(ئۇلار ئاللاھنىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاللاھنىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ)[12].

ئۇستىدىكى ئايەتلەردىن باشقىمۇ نۇرغۇن يەرلەردە بۇ كەلىمىلەر ئىشلىتىلگەن. سۈرە مۇتەففىفىندىكى مۇنۇ ئايەتتە بولسا «خسر» نىڭ كېمىيىش، ئازىيىش مەنىسى روشەن ئىپادىلەنگەن:

﴿وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ﴾

(كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ)[13].

ئەئرافنىڭ 9- ئايىتىدە بولسا

[11] سۈرە ئەنئام 31-ئايەت.

[12] سۈرە ئەئراف 99-ئايەت.

[13] سۈرە مۇتەففىفىن 3 - ئايەت.

پېئىل شەكلىدە كېلىپ زىيان سېلىش مەنىسىنى ئىپادىلىگەن:

﴿وَمَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ فَأُولَئِكَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُم بِمَا كَانُوا بِآيَاتِنَا يَظْلِمُونَ﴾

(ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر)[14].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، «خسر» يەنى زىيان تارتىشنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن مەھرۇم قىلىش، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا مۇپتىلا بولۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، جەننەتتىن مەھرۇم قېلىش ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كەلىمىنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن، ئۇنىڭ تىجارەتتە زىيان تارتىشقا ئوخشاش بۇ دۇنيادىكى ماددىي، ئوبيېكتىپ زىيانلارنىمۇ كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇڭلاشقا، ئايەتتىكى زىيان ئەڭ چوڭ، ئەڭ ماھىيەتلىك زىياننىڭ ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى مەھرۇملۇقى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، بۇ دۇنيادىكى ئۆز ئەركىنلىكى، ھەق – ھوقۇقلىرى، ئىززەت-ئابرۇيلىرى، ماددىي بايلىقلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش، سىياسىي خارلىق، مەھكۇملۇققا چۈشۈپ قېلىشنىمۇ ئىپادىلەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

ئەمدى ئايەتكە بىر پۈتۈن قارىغىنىمىزدا كۆزىمىزگە شۇ چېلىقىدۇ، ئاللاھتائالا بۇ يەردە قىممىتى، ئەزەمىتىنى نەزەردە تۇتۇپ،

[14] سۈرە ئەئراف 9 - ئايەت.

زامان بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا، ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىۋاتىدۇ، ۋاقىت بولسا دۇنيادا ئىنسان ئېرىشەلەيدىغان بايلىقلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى، ئەڭ كاتتىسىدۇر، چۈنكى ۋاقىتنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ ئۆمرى، ھاياتى دېمەكتۇر. قەسەمنىڭ كەينىدىنلا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كەسكىن رەۋىشتە ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ-دە، بۇ ئىنساننىڭ مەيلى قايسى زامان كېيىمدە ياشىسۇن، ئەگەر ئەڭ چوڭ بايلىقى بولغان ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ئاڭقىرالمىسا، ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئەڭ قىممەتلىك ئىشلار بىلەن قىممەتلەندۈرەلمىسە، ئۇنىڭ ھەر زامان مۇتلەق بىر زىيانغا غەرق ئىكەنلىكىنى ئەقلىمىزدە ئويغىتىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئېغىر زىيان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىنى يوقىتىپ قويۇشتىن كېلىدۇ. ۋاقىت دەل ئىنساننىڭ ئاشۇ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. يەنى، بارلىق زىيانلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ زىيان ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىش ۋە يوللاردا تۈگەتمەكتىن كېلىدۇ.

ئۇنداقتا ۋاقىت ئىچىدە تۇرۇپ ۋاقىتتىن زىيان تارتىش قانداق بولىدۇ؟

روشەنكى، بايلىقتىن زىيان تارتىش ئۇنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، يوقاپ كېتىشى، ئوغرىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇپ كېتىشى دېگەندەك، بىزنىڭ ئۇنىڭدىن مەلۇم شەكىلدە ئايرىلىپ قېلىشىمىز بىلەن بولىدۇ. ۋاقىتتىن زىيان تارتىش بولسا، شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىمىز ياكى باشقىلارغا مەنپەئەتلىك ئىش قىلماستىن، ئەكسىچە، زىيانلىق ياكى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز، بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىش بىلەن بولىدۇ. بىر سائەت ۋاقىت زىيان بولدى دېگەندە، بۇ بىر سائەتتە پايدىلىق ھېچقانداق بىر ئىش قىلمىدىم، بىكار، نەتىجىسىز ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ۋاقىتنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى، ماھىيەتتە، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىش – ئەمەلدۇر. ئۇنداقتا، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۇ مۇتلەق زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنسان نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ ياكى، زادى قايسى ۋە قانداق ئىشلارنى قىلغانلار بۇ زىياندىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ؟

ئاللاھتائالا كەينىدىكى ئايەتتىلا بىزنىڭ كاللىمىزغا تەبىئىي كەلگەن بۇ سوئالغا تولىمۇ ئېنىق، ئەمما ئۇزۇل – كېسىل جاۋاپ بېرىدۇ:

**ئىمان ئېيتقانلار**

**ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار**

**بىر – بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقانلار**

**بىر- بىرىنى سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقانلار**

مانا مۇشۇ تۆت ئىشنى قىلغانلار ئاندىن ئۇ مۇتلەق زىياندىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، زاماننى ياكى كىچىكلىتىپ ئېيتساق ئىنسان ئۆمرىنى ھەقىقىي قىممەتكە،

مۇيەسسەرلىككە ئايلاندۇرۇشنىڭ، زىيانىدىن ساقلىنىشنىڭ يولى، ئىنسانىنىڭ ئۆمۈر بوشلۇقىنى يۇقىرىدىكى تۆت ئەمەل بىلەن توشقۇزۇشتۇر. تەتۈرىدىن ئېيتقىنىمىزدا، ئەگەر ئىنسان بۇ تۆت ئىشنى تەرك ئەتسە، بۇ دۇنيادا مەيلى قانچىلىك بايلىق ياراتسۇن، قانچىلىك يۇكسەك مەرتىبىگە يۈكسەلسۇن، قانچىلىك كۈچلۈك سەلتەنەت سۈرسۇن، يەنىلا دۇنيا – ئاخىرەتتىكى زىيانغا مۇپتىلا بولۇشى مۇقەررەردۇر، ئۆمرى بوش ئۆتتى دېمەكتۇر.

ئايەتلەرنىڭ تەرتىپىدىن بىلەلەيمىزكى، ئىنسانىنى قۇتقۇزىدىغان بىرىنچى قەدەم ئەڭ ئاۋال ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ، ئىمان ئېيتىش بولسا، دەل مانا مۇشۇ بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىنسانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن چەكلىنىدۇ ۋە ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنى تونۇپ مېنىڭ رەببىم دەپ قوبۇل قىلماق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنى ئەلچىسى دەپ ئىمان كەلتۈرمەك، ئىنسانىنىڭ بىلىش ئالىمىدە ئۇنىڭ ئالەم، ئىنسان، ھاياتلىق ھەققىدىكى بارلىق ئەسلى مەۋجۇت چۈشەنچىلىرىنى ئاست – ئۈست قىلىۋېتىدىغان بىر ئىنقىلاب قوزغىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن ھېچبىر نەرسە بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. ئىماننى چۈشىنىپ ئېيتقان كىشىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا قارىشى، ۋەقە – ھادىسىلەرنى دەڭسىشى، گۈزەللىك – رەزىللىكنى پەرقلەندۇرۇشى، ياخشى – يامانغا ھۆكۈم قىلىشى، قىممەت – قىممەتسىزنى ئۆلچىشى پۈتۈنلەي يېپيېڭى بىر مىزان بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىمان بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ يولباشچىسىغا، ھەرىكەتتىكى كۈچ مەنبەسىگە، ھاياتلىق سەپىرىدىكى ھەمراھىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ئىماننى مەركەز قىلىپ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئىمان خۇددى بىر ئۇرۇقۇا ئوخشاش ئۇنىڭ ۋۇجۇد تۇپرىقىغا تېرىلىدۇ ۋە ئاستا – ئاستا بىخلىنىشقا، ياشىرىشقا، گۈللىنىپ باراقسانلىشىشقا، ئاخىرىدا مېۋە بېرىشكە باشلايدۇ. خۇددى ئاللاھتائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ئېيتقىنىدەك ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ. تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾.

(ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ)[15].

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خۇددى ئۇرۇق تۇپراقنى بۆسۈپ چىققاندەك، ئىمانمۇ سوكۇتنى، جىمجىتلىقنى، ھەرىكەتسىزلىكنى، پاسسىپلىقنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغان بىر

---

[15] سۈرە ئىبراھىم 24 -25 - ئايەتلەر.

تەبىئەتكە ئىگە، ئۇمۇ خۇددى ئۇرۇقتەك ئىنسان ۋۇجۇدىغا تېرىلغاندىن كېيىن، سىرتقا بۈسۈپ چىقىشقا، پارتلاشقا دائىما ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. شاخ – يوپۇرماق، گۈل – چېچەك، مېۋە – چېۋىلەر ئۇرۇقنىڭ تاشقى ئىپادىسى بولغىنىدەك، ئىمانىڭمۇ تاشقى ئىپادىسى مۇقەررەر بولىدۇ. ئۇرۇقتىن ئۈسۈپ چىققان ئۆسۈملۈككە قاراپ، ئۇرۇقنىڭ پۇچەك ياكى ساغلاملىقىغا ھۆكۈم قىلالىغىنىمىزدەك، روھ ئېتىزىغا تىكىلگەن ئىمانىڭمۇ راست – يالغانلىقى، كۈچلۈك – ئاجىزلىقىغا ئۇنىڭ تاشقى ئىپادىلىرىگە قاراپ ھۆكۈم قىلماق مۇمكىندۇر. ئۇنداقتا ئىمانىنىڭ تاشقى ئىپادىلىرى نېمە؟

﴿وعملوا الصالحات﴾

ئاللاھتائالا بۇ سۈرىلىمىزغا ياخشى ئىش – ئەمەللەرنى قىلماق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. زىياندىن قۇتۇلۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىنسان قەلبىگە ئىماندىن ئىبارەت بىر ئۇرۇقنى تىكىش بىلەن باشلانغان بولسا، ئىككىنچى قەدىمى ئۇنىڭ ئىش – ئەمەل شەكلىدە بىخ ئۈرۈپ چىقىشى بىلەن بولىدۇ. يەنى، زاھىردىكى سالىھ ئەمەللەر، باتىندىكى ئىمانىنىڭ ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىمانىنىڭ كاللىدىكى بىر چۈشەنچە، قەلبىدىكى بىر تۇيغۇ ھالىتىدىن، ئەمەلىي بىر ھەرىكەتكە ئۆتۈشى تېگى - تەكتىدىن بىر لوگىكىلىق نەتىجىدۇر. ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ بىرلىكى قۇرئان كەرىمدە ئىنتايىن كۆپ يەردە تەكرارلانغان بولۇپ، بۇ يەردە بىر قانچە ئايەتنى نەقىل ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

(ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ)[16].

﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

(ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر ۋە ئۇلار غەم ـ ئەندىشە قىلمايدۇ)[17].

﴿وَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ﴾

(ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟))[18].

ئىمان ۋە ئەمەل مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە مۇنداق شەرھلەش مۇمكىن: يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئىمان مېڭىمىزدە بىر ئاڭ – چۈشەنچە، قەلبىمىزدە بىر ھېس – تۇيغۇ سۈپىتىدە يوشۇرۇن مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ھەر دائىم سىرتقا پارتلاشقا ئىنتىلىپلا

[16] سۈرە بەقەرە 82 ـ ئايەت.

[17] سۈرە بەقەرە 277 ـ ئايەت.

[18] سۈرە ئال ئىمران 57 ـ ئايەت.

تۇرىدۇ. ياخشى ئەمەللەر بولسا دەل ئىماننىڭ سىرتقا پارتلىشى بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن، ئىماننى سالىھ ئەمەلنىڭ ئىچكى تۈرتكىسى، قوزغاتقۇچىسى، ياخشى ئەمەلنى بولسا ئىماننىڭ سەمەرىسى، مېۋىسى، تاشقى ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسان ئىمانغا ماس ياخشى ئەمەللىرى بىلەن، ئېيتقان ئىماننىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى، چىنلىقىنى ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا ئىسپاتلايدۇ. ئىمان ئەمەلگە ئايلانمىغاندا، خۇددى كۆكلىمىگەن پۇچەك ئۇرۇقنىڭ قىممىتى بولمىغىنىدەك، ئەمەلسىز ئىماننىڭمۇ ئاللاھتائالانىڭ ئالدىدا قىممىتى بولمايدۇ. «دادامنى سۆيىمەن» دېگەن بىر بالىنىڭ داۋاسىنىڭ چىنلىقى دادىسىغا بولغان ھۆرمەت، ۋاپادارلىقىدا؛ «مەن ۋەتەنپەرۋەر» دېگەن بىرىنىڭ داۋاسىنىڭ چىنلىقىمۇ ئۇنىڭ ۋەتىنىگە ئەمەلىي خىزمەت قىلغان – قىلمىغانلىقىدا ئەكس ئەتكىنىدەك، «ئاللاھ رەببىمدۇر، ياراتقۇچىمدۇر، ئىلاھىمدۇر، مۇھەممەت بولسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن بىرىنىڭ بۇ داۋاسىمۇ، ئۇنىڭ ئاللاھتائالا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتىدا قانچىلىك تەتبىقلىغانلىقى بىلەن ئەكس ئېتىدۇ ياكى ئىسپاتلىنىدۇ. دېمەك، ياخشى ئەمەل ئىماننىڭ تاشقى ئىپادىسى، شۇنداقلا چىنلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، ياخشى ئەمەلمۇ ئىمانغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، كۈچەيتىدۇ.

قىسقىسى، ئىمان بىلەن ئەمەل بىر-بىرىدىن ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، بىر- بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر- بىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، قايسىسى كەم بولسا ئىنساننى ئۇ زىياندىن قۇتقۇزۇشتىن ئاجىز كېلىپ قالىدۇ.

ئەمدى، ئايەتتىكى «صالحات»، يەنى ياخشى ئەمەللەر، سالىھ ئەمەللەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

«صالحات» نىڭ سۆز يىلتىزى «صلح» بولۇپ، بۇزۇلۇشنى ئىپادىلەيدىغان «فساد» نىڭ قارمۇقارشىسى بولۇپ، مەلۇم ئىش ياكى ھالىنىڭ ئەسلىدىكىدىن ياخشىلانغانلىقىنى، بۇزۇلۇشنىڭ يوقىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «صلح» نىڭ كەينىگە «ل» كەلگەندە...غا لايىق، غا مۇناسىپ، ئۇيغۇن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزىدە ئالدى قوشۇلغۇچىسىز ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتىمۇ، پايدىلىق بولدى، مۇناسىپ بولدى، مەنپەئەتلىك بولدى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «صالحات» نىڭ بىرلىكى «صالح» مۇ ل بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ...غا لايىق، مۇۋاپىق، مۇناسىپ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «ماء صالح للشرب» دېگىنىمىزدە، ئىچىشكە بولىدىغان سۇ دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمدى صالحات قا كەلسەك، بۇ ياخشى ئىشلار، خەيرلىك ئىشلار، پايدىلىق، مەنپەئەتلىك، مۇۋاپىق، مۇناسىپ ئىشلار دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تەسىرى ئىزى قېلىپ قالىدىغان ياخشى ئەمەل دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.[19]

[19] اللغة العربية المعاصر.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، «سالىھات» يامان ئىش، بۇزۇلۇش، بۇزۇقچىلىق دېگەنلەرنىڭ زىت مەنىسىدە بولۇپ، ياخشى ئىش، خەيرلىك ئىش، مەنپەئەتلىك ئىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كەلگەن سالىھ ئەمەل مەنىسىگە كەلسەك، ئەللامە زۇھەيلىنىڭ دېگىنىدەك «سالىھ ئەمەل دېگىنىمىز، شەرىئەت، ئۆرپ – ئادەت، ئەقىل، ساغلام پىترەت تەستىق قىلغان، قىلغۇچىسىنى جەننەتكە ئاپىرىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ». دېمەك، شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىنساننى قۇتقۇزىدىغىنى خالىغان بىر ئەمەل بولماستىن، بەلكى سالىھ ئەمەلدۇر، يەنى، سالىھلىق شەرتىگە توشمىغان ئەمەللەر بىھۇدىدۇر.

بۇئېنىقلىمىغا ئاساسلانغىنىمىزدا، سالىھ ئەمەلنىڭ دائىرىسىنىڭ ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۆزىگە لايىق شەكىلدە ئەمەلىيلىشىدىغان، بىر – بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ساناقسىز ياخشى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئېنىقراق ئېيتقاندا، سالىھ ئەمەللەر ئاللاھنى زىكىر قىلىش، دۇئا قىلىش، ناماز، روزا، زاكات، ھەج دېگەندەك كونكرېت ئىبادەتلەر؛ ھالال رىزىق ئۈچۈن قىلىنىغان بارلىق ھالال تىجارەت، ئەمگەك، خىزمەتلەر؛ ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئۆز ھەق – ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىل ۋە ھەرىكەتتە قىلىنىدىغان بارلىق سىياسىي كۈرەشلەر؛ ئۆزى ۋە باشقىلارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئويغىتىش، تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان ئىسلامىي پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە خىزمەتلىرى؛ ھەقنى تارقىتىش، باتىلغا رەددىيە بېرىشنى مەقسەت قىلغان مېدىيا، تەشۋىقات خىزمەتلىرى؛ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىلىم – پەن تەتقىقاتى ۋە ئىزدىنىشلەر؛ تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىت ئاسراش خىزمەتلىرى.... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سالىھ ئەمەللەر كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولىدۇ.

سالىھ ئەمەللەرنىڭ دائىرىلىرىنى مۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، سالىھ ئەمەل تىلغا ئېلىنىغىنىدا، كۆپىنچىمىزنىڭ كاللىسىغا دەرھال ناماز، روزا، قۇرئان ئوقۇش، يادلاش دېگەندەك ئىبادەتلەر، يالغان ئېيتماسلىق، ھارام يېمەسلىكتەك ئەمەللەر كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ تىرىشىپ بىر چەتئەل تىلى ئۆگىنىش؛ تەجرىبىخانىدىكى تەجرىبە – تەتقىقاتلار؛ سىياسىي مۇجادىلىلەر؛ ئىقتىسادىي مەبلەغ سېلىش، كارخانا قۇرۇشلار كەلمەيدۇ. گەرچە بۇلارنىڭمۇ سالىھ ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئەقلىي جەھەتتىن شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلساقمۇ، دىنىي ئېڭىمىزغا تېخى ھەقىقىي مەنىدە چوڭقۇر يەرلەشمىگەن بولغاچقا، دائىم بۇلارنىڭمۇ سالىھ ئەمەل ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ خاتىرىلىتىشىگە موھتاج بولىمىز. سالىھ ئەمەل چۈشەنچىسىدىكى بۇ كەمتۈكلۈك بىزنىڭ ئىسلامىي ھاياتنى ھەممە قاتلام، ساھەلىرىدە بەرپا قىلىش

يولىدا، تولىمۇ خەتەرلىك، ئەمما بىزمۇ ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە يوشۇرۇن بىرىپكرىي توسالغۇ، ئىدىيۋى چۈشەك شەكىللەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ كەمتۈك چۈشەنچە مەزكۇر ئايەتتىكى سالىھ ئەمەلنىڭ مەنىسى بىلەن بىردەك ئەمەستۇر.

ئەمدى شۇنداق بىر سوئال سوراشقا توغرا كېلىدۇ: بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭلا ئىمان ئېيتىپ، ئۆزىنىڭلا سالىھ ئەمەل قىلىشى، ئۇنى ۋە ئۇ تەۋە توپنى زىياندىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟

﴿وتواصوا بالحق﴾

ئاللاھتائالا بۇ سوئالىمىزغا كېيىندىكى ئايەت بىلەن بىر مۇئمىننىڭ ئۆزىنىڭلا ياخشى بولۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇ يەنە باشقىلارنىمۇ ياخشى بولۇشقا چاقىرىشى كېرەك دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتەك يەككە شەخسكە يۈكلەنگەن ئەمەللەردىن كېيىن، ئايەت بىزنى ئەمدى ئىجتىمائىي ئەمەل ياكى ئىجتىمائىي ئىبادەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، زىياندىن قۇتۇلۇش سەپىرىنىڭ ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئەمەل قىلىشتەك شەخسكە خاس بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قەدىمىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى قەدەمدە ئۆزىمىزدىن ھالقىپ، ئەتراپقا يۈزلىنىمىز. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز. باشقىلارغا ھەقنى تەۋسىيە قىلىش، ھەققە چاقىرىش بولسا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

خۇددى ئەللامە مەۋدۇدى ئېيتقاندەك «ھەقنىڭ تەبىئىتى تارقىلىش بولغىنىدەك، ھەق ساھىبىنىڭ تەبىئىتىمۇ ئۇنى تارقىتىشتۇر». [20]

«تواصوا» كەلىمىسى ۋەسىيەت قالدۇرماق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «وصى» دىن تۈرلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بىر- بىرىگە نەسىھەت قىلىشماق، تەۋسىيە قىلىشماق، چاقىرماق، بۇيرۇماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئەمما بۇ مۇنداقلا دەپ قويۇش، قۇلىقىغا سېلىپ قويۇش، نەسىھەت قىلىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى، كۈچلۈك تەكىت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، سەمىگە سېلىش، ئەستايىدىل نەسىھەت قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئۈيغۇرچە ئىستېمالدىكى تەۋسىيە قىلىشتىن تېخىمۇ كۈچلۈك بىر تەكىتنى بىلدۈرىدۇ. تەۋسىيە گەرچە بىزگە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۈيغۇرچىلىشىپ كەتكەن بىر سۆز بولسىمۇ، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا تونۇشتۇرۇپ قويماق، ئەسلىتىپ ئۆتمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى كىتاپ تەۋسىيە قىلماق، دورا تەۋسىيە قىلماق دېگەندەك جۈملىلەردىن روشەن ھېس قىلالايمىز. ئەمما، ئەرەبچىدىكى تەۋسىيە بولسا ۋەسىيەت قالدۇرۇش مەنىسىدىكى «وصى» دىن كەلگەن، ھەممىمىز ۋەسىيەتنىڭ ئىنسان ئۆچۈن ھاياتنىڭ ئاخىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىز بۇنىڭدىنمۇ «تواصوا» كەلىمىسىدە ئۈيغۇرچىدىكى تەۋسىيە قىلىش كەلىمىسىدە ئىپادىلەنمەيدىغان

[20] مەۋدۇدى: «ھەق دىن».

كۆچلۈك تەكىت، ئەستايىدىللىق ۋە قەتئىيلىكنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

تىل نۇقتىسىدىن ئەسكەرتىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، «تواصوا» بولسا «تفاعل» ۋەزنىدىكى پېئىل بولۇپ، مەلۇم بىر ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئىككى تەرەپلىك قوش يۆنىلىشلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئاللاھتائالا يالغۇز شەخسلەرگىلا سەن ھەققە چاقىر دەپ ئەمەس، بەلكى، (سىلەر بىر – بىرىڭلارغا ھەقنى تەۋسىيە قىلىشىڭلار) دېيىش ئارقىلىق، بۇنىڭ پۈتۈن مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك بولغان بىر ئىجتىمائىي ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىۋاتىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇپەسسىرلەرمۇ ئايەتتىكى ھەققە تەۋسىيە قىلىشنىڭ، ئەمىر مەرۇپ، نەھيي مۇنكەر (ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش) ئىكەنلىكىدە ھەمپىكىردۇر. بۇمۇ بۇنىڭ ئاددىيلا بىر سەمىگە سېلىپ قويۇش، تەۋسىيە قىلىپ قويۇش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىكتۇر. شۇنداقلا، قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەرمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى تولىمۇ كۆچلۈك تىل بىلەن تەكىتلەيدۇ :

﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُولَـٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر)[21]. ئايەت ئەمىر ۋەزنىدە كەلگەن.

مۇنۇ ھەدىس بۇنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەيدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار ئاللاھ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن بىر ئازاپ ئەۋەتىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجاۋەت قىلىنمايدۇ»[22].

بىز بۇ ئايەت ۋە ھەدىستىن ياخشىغا بۇيرۇپ ياماندىن توسۇشنىڭ، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، ھەققە تەۋسىيە قىلىشنىڭ ئۇممەتكە پەرز قىلىنغان بىر ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ئىستېمال مەنىسىدىكى تەۋسىيە قىلىش كەلىمىسى، ئەسلى مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئىپادىلەشتە كۆپ يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ.

ئەمدى «حق» كەلىمىسى ھەققىدە توختىلىمىز.

بۇ باتىل، خاتانىڭ قارمۇقارشىسى بولۇپ، توغرا، چىن، ھەقىقەت، چىنلىقنا ئۆيغۇن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئوخشىمىغان ساھەلەردە ئوخشىمىغان ئاتالغۇ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە قۇرئاندىكى مەنىسىنى ئاساس قىلىمىز.

﴿وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾.

[21] سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ ئايەت.

[22] تىرمىزى.

(ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئۇنىڭغاي يوقىلىدۇ) دېگەن.[23] بۇ ئايەتتىكى «ھەق» كەلىمىسى ئىسلام دىنىنى كۆرسەتكەن بولسا، ﴿فَوَرَبِّ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ إِنَّهُ لَحَقٌّ مِّثْلَ مَا أَنَّكُمْ تَنطِقُونَ﴾.

(ئاسمانىنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزۈڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىگىنىڭلارنىڭ ئۆزەڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر)[24]. دېگەن ئايەتتىكى ھەق بولسا، ھەقىقەت، چىنلىق، راست، توغرا دېگەن مەنىدە كەلگەندۇر.

﴿يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمُ اللَّهُ دِينَهُمُ الْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ الْمُبِينُ﴾.

(شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ).[25]

دېگەن ئايەتتىكى ھەق كەلىمىسى بولسا ئاللاھنىڭ ئىسىم – سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن.

﴿إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَا تُسْأَلُ عَنْ أَصْحَابِ الْجَحِيمِ﴾.

(بىز سېنى ھەقىقەتەن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئەھلى دوزاخ (يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار) توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن)[26].

﴿إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ﴾.

(ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن)[27]. بۇ ئىككى ئايەتتە بولسا قۇرئان مەنىسىدە كەلگەن. مۇشۇلارغا ئاساسەن ئايەتتىكى ھەق كەلىمىسىنى مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇپەسسىرلەر قۇرئان دەپ تەپسىر قىلىشقان. خۇلاسىلىگەندە، بۇ يەردىكى ھەق كەلىمىسىنى ئاللاھنىڭ يولى بولغان ئىسلام دىنى، قۇرئان – ھەدىس، ھىدايەت يولى دەپ چۈشەنسەك خاتا بولمايدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىدا قىسقىچە توختىلىش زۆرۈر. قۇرئانغا چاقىرىش ياكى ھەقىقە چاقىرىش قۇرئاننى ئۆلچەملىك تەجۋىد بىلەن ئوقۇشقا، ئۇنى تىلاۋەت قىلىشقا، يادلاشقا چاقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئەڭ مۇھىمى قۇرئاننى چۈشىنىشكە، ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھايات مىزانى قىلىشقا چاقىرىشنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ھەتتا، قۇرئانغا ئەمەل قىلماق ماھىيەتتە ئەسلى مەقسەتتۇر.

[23] سۈرە ئىسرا، 81 - ئايەت.

[24] سۈرە زارىيات، 23 - ئايەت.

[25] سۈرە نۇر، 25 – ئايەت.

[26] سۈرە بەقەرە، 119 - ئايەت.

[27] سۈرە فاتىر، 24 - ئايەت.

قوشۇپ قويىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، باشتا قەيت قىلغىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىم نۇرغۇن مەسىلىلەردە كۇللىي قانۇنىيەت، پىرىنسىپلارنى بايان قىلىپ، تەپسىلاتىنى سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ ئىجتىھادىغا قالدۇرغان بولغاچقا، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ لەبزىدىن ھالقىغان دالالەت ۋە ئىشارەتلىرىنىمۇ ھەققە چاقىرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش مۇمكىندۇر. مەسىلەن:

﴿وَأَعِدُّوا لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنفِقُوا مِن شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾.

(دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا سىلەر بىلمەيدىغان، ئاللاھ بىلىدىغان دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)) [28].

مەزكۇر ئايەتتە مۇسۇلمانلاردىن تەييارلاش تەلەپ قىلىنغان كۈچنىڭ زادى قانداق كۈچ ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھەر قايسى زامان ۋە ماكاندىكى ئۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەڭ ئۇنۇملۇك، كۈچلۈك بولغان قورال – ياراق تەييارلىشى كېرەكلىكى ئەقىللەرگە ئاياندۇر. بۇ نۇقتىدىن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك كۈچ ھېسابلىنىۋاتقان روبوت تېخنىكىسى، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان تېخنىكىلىرى، سۈنئىي زېھىن، يادرو قورالى، ھەتتا خاككېرلىك، ئىقتىسادىي كۈچ قاتارلىقلارنى ھازىرلاش ۋە ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلىشمۇ ھەققە تەۋسىيە قىلىش جۈملىدىن ھېسابلىنىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَرِثُوا النِّسَاءَ كَرْهًا وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا آتَيْتُمُوهُنَّ إِلَّا أَن يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِن كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰ أَن تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾.

(ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن) [29].

بۇ ئايەتتىكى (ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار)

[28] سۈرە ئەنفال، 60 - ئايەت.

[29] سۈرە نىسا، 19 - ئايەت.

دېگەن مەزمۇن قارىماققا تولىمۇ چۈشىنىشلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما رېئال ئائىلە ھاياتىدا نۇرغۇن مەسىلە ئايەتتىكى مەنە ھەجمى تولىمۇ كەڭ بولغان مەئرۇفنى توغرا چۈشىنەلمەسلىكتىن ياكى ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلىيالماسلىقتىن تۇغۇلىدۇ. يەنى، نۇرغۇن كىشىلەر چىرايلىقچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما زادى قايسى كونكرېت ئىشلارنىڭ ئاندىن «چىرايلىقچە مۇئامىلە قىلىش» بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئىنسانلار بۇنى ھايات تەجرىبىلىرىدىن، مەزكۇر تېمىغا ئالاقىدار ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئۆگىنەلەيدۇ. ئەگەر ئايالى بىلەن چىقىشالمىغان بىر ئەركىشىگە «ئۆيگە كىرگەندە قۇرۇق قول كىرمەي، بىرەر تال شاكىلات بولسىمۇ ئالغاچ كىرىڭ، پاراڭلاشقاندا تاپا – تەنە تەلەپپۇزىنى ئازايتىڭ، كۆپرەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ماختاپ تۇرۇڭ» دېگەندەك پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىشمۇ ھەققە چاقىرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ئۆزىنى ئاللاھ يولىدا جىھادقا تەييارلاۋاتقان بىرىگە، ساغلام ئوزۇقلىنىش، چېنىقىش، مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىشمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ھەقتە توختىلىشتىن مەقسەت، ھەققە تەۋسىيە قىلىشنىڭ پەقەت تار مەنىدىكى ئىبادەت دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالماسلىقى، ئىسلامنىڭ ھاياتنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدەك پۈتۈنچىل بىر دىنىي چۈشەنچىنى ئەسلىتىشتۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانىنىڭ ھاياتىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى بىر قارىماققا «دىنىي» كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ماھىيەت، مەقسەت ئېتىبارى ۋە خالىس نىيەتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «دىنىيلىشىدىغان» تەرەپلەر تەشكىل قىلىدۇ، ھالبۇكى، بۇ تەرەپلەر دائىم دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

ئاللاھتائالا بۇ يەردە زىياندىن قۇتۇلۇشتا ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇسۇلمانلىقىنى ئادا قىلىپلا، ئەتراپىغا كۆز يۇمىدىغان پاسسىپ مۇسۇلمانلىقنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ھەربىر يەككە مۇسۇلماننىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىدىن ھالقىغان، باشقىلارنى ھەققە چاقىرىدىغان بىر ئىجتىمائىي بۇرچنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى سۆزلەۋاتىدۇ، يەنى، بىزگە زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سالىھلىقلا كۇپايە ئەمەس، مۇسلىھ بولماق (ئىسلاھ قىلغۇچى بولماق) كېرەك دېگەننى سەمىمىزگە سېلىۋاتىدۇ:

﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ﴾.

(پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ئىسلاھ قىلغۇچى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ)[30].

بىر «خىسر» نىڭ ھالاكەت دەپمۇ مەنىسى بارلىقىنى قەيت قىلغان ئىدۇق، مانا بۇ ئايەتتە ئاھالىسى ئىسلاھاتچى ، يەنى ئىسلاھاتچىلىق كەملىكىگە ئايلانغان خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرىنىڭ

[30] سۈرە ھۇد، 117 - ئايەت.

هالاك بولمايدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئىبارىلەر بىلەن كۆرۈۋاتىمىز. بۇنى ئۈستىدىكى ھەققە تەۋسىيە قىلىش بىلەن باغلىغىنىمىزدا، زىياندىن ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنىڭ سالىھلىقتىن ھالقىغان مۇسلىھلىق (ئىسلاھاتچىلىق) ئىكەنلىكى قۇياشتەك ئايان بولىدۇ. چۈنكى، بىر – بىرىنى ھەققە تەۋسىيە قىلىش، ھەققە چاقىرىش دەل ئىسلاھاتنىڭ بىر تۈرىدۇر. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنكى، ئەگەر جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىدا بىر – بىرىنى ھەققە چاقىرىشتەك ئىسلاھچىللىق بىر ئادەتكە ئايلانغىنىدا، بۇ جەمئىيەت ھەر قانداق يوشۇرۇن كىرىزىس، ئاپەتلەرنى ئالدىن بايقىيالايدۇ، ئالدىنى ئالالايدۇ، مەسىلىلەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇنلا ئاقىلانە تەدبىر قوللىنالايدۇ، چۈنكى ئىسلاھچىللىقنىڭ ماھىيىتى تەشەببۇسكارلىقتا بولۇپ، بۇنداق روھقا ئىگە مۇسۇلمانلار يامغۇرنىڭ يېغىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى، يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ئېتىز، ئامبار، ئېرىقلىرىنى تەييارلاپ بولىدۇ-دە، ياغقاندا تەمتىرەپ قالمايدۇ. ئىسلام ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ھويلىسىنىلا سۈپۈرۈپ، كوچىسىنى قوشنىسىغا تاشلاپ قويىدىغانلارنى پاكىزە ھېسابلىمايدۇ، ئۆزىنىڭ مورىسىدىنلا تۈتۈن چىقىرىپ، قوشنىسى ئاچ يۇرىدىغانلارنى سېخى ھېسابلىمايدۇ، شەخسى ھېسابى ئۇچۇن يولۋاسقا ئايلىنىپ، ھەقنىڭ ھېسابىدا مۈشۈك بوپقالىدىغانلارنى باتۇر ھېسابلىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلەر ئۇلاردىن ئەمەستۇر»[31]. مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئەڭ كاتتىسى دەل ئۇلارغا ھەقنى يەتكۈزۈش، ئارىدا ئىسلاھاتنى قانات يايدۇرۇشتۇر.

ئۆزۈقنى تېرىدۇق (ئىمان ئېيتتۇق)، بىخمۇ ئۈردى (ياخشى ئەمەلمۇ قىلدۇق)، بۇنىڭغا قوشۇپ ئەتراپىنىكى گىياھلارنىمۇ سۇغاردۇق (ھەققە تەۋسىيە قىلدۇق)، ئەمدى ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلىساق بولامدۇ؟ ئەمدى ھەر يەر گۈل – گۈلىستان بولۇپ كېتەمدۇ؟

﴿وتواصوا بالصبر﴾

ئاللاھتائالا بۇ سوئالىمىزغا بۇ ئايەت بىلەن ياق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىمانىدا چىڭ تۇرۇش، ياخشى ئەمەلنى باشلىغاندىن كېيىن تەرك ئەتمەسلىك، ھەققە تەۋسىيە قىلىشنى توختىتىپ قويماسلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ۋە پەقەت كۈچلۈك ئىرادە، چىدامچانلىق بىلەنلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ماھىيەتتە، بۇ ئاخىرقى ئايەت باشتىكى ئايەتلەر بىلەن ئىچكى لوگىكىلىق ئىزچىللىققا ئىگە. باشتىكى ئەمەللەرنىڭ مېۋە بېرىش بەرمەسلىكى، يەنى، ئىنساننى زىياندىن قۇتقۇزۇشقا ياراش يارىماسلىقى ئەمەللەرنىڭ ئىزچىللىقىغا باغلىق. ھالبۇكى، بۇ ئىزچىللىق ۋە دائىمىيلىق سەۋر بىلەن ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خۇددى سەپەرگە چىققان مۇساپىرنىڭ چارچىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىدەك، مەنزىلگە يېتەي دېسە، چوقۇم سەپەردىكى بۇ جاپا – مۇشەققەتلەرگە

[31] ھاكىم، تەبەرانى.

بەرداشلىق بېرىپ – سەۋر قىلىپ – داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىدەك بىر ئەقەللىي ساۋاتتۇر. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىنسانني ئۆتكۈنچى ئەمەللەر ئەمەس، بەلكى دائىمىي ئەمەللەرلا قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ. بۇ دائىمىيلىقنىڭ جېنى دەل سەۋردۇر. دەۋەت ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇجادەلە تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ دەۋىتىدە سەۋر – ماتانەتنىڭ ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز (بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ھەممىگە مەلۇم بولغاچقا، بۇ يەردە زىكىر قىلمىدۇق). بۇنىڭ بىر مۇقەررەر قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى مۇنۇ ئايەتتىنمۇ روشەن كۆرەلەيمىز:

**﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾.**

(ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر)[32]. روشەنكى، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەمرىمەرۇپ، نەھيى مۇنكەر بولسا ھەققە چاقىرىشنىڭ ئۆزىدۇر، ئاللاھتائالا ئارقىدىنلا مانا بۇ يولدا دۇچار بولغان بارلىق مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىل دەيدۇ ۋە سەۋر قىلىشنىڭمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنساندىن كۈچلۈك ئەزىم – ئىرادە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ سەۋرنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ ئۇ بىز ئۇيغۇرلار چۈشەنگەندەك بىر ئۇقۇممۇ؟

تىلىمىزغا نۇرغۇن دىنىي ئاتالغۇلار كىرگەن بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك قوللىنىش جەريانىدا بەزى كەلىمىلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى ئاستا – ئاستا ئۆزگىرىپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ مەنىلىرى ئۆز مەنىسىدىن بۇرۇلۇپ، بۇرمىلىنىپ كەتكەن. سەۋر كەلىمىسىمۇ ئەنە شۇ مەنە ھەجمى ئەسلىدىكىدىن زور دەرىجىدە تارىيىپ بۇرۇلۇپ كەتكەن كەلىمىلەرنىڭ بىرىدۇر. بىزدە بىر دادا بالىسىغا: «سەۋر قىل بالام، توخۇمنى تاشقا ئۇرغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگىنىدە، ھەرگىزمۇ «ھازىرچە چىشىڭنى چىشىڭغا چىشلەپ بەرداشلىق بەرگىن، چىدامچان بول، ھازىر كۈچۈڭ ئاجىز، پۇرسەت كۈت، ۋاقتى كەلگەندە ئاندىن ئاتلانغىن» دېمەكچى بولمايدۇ. بۇنداق مەقسەتتە دېگەن بولسا، دەل ئىسلام ئۆگەتمەكچى بولغان سەۋرنى دېگەن بولاتتى. ئەكسىچە، «ئامال يوق بالام، ئەخمەقلىق، نادانلىق قىلما، جان بېقىش ھەممىدىن ئەلا» دېمەكچى بولىدۇ. يەنى، بىزدىكى سەۋر ھەق – ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىق، زۇلۇم- خورلۇقلارغا ئادەتلىنىۋېتىش، خارلىق – مەھكۇملۇقنى قوبۇل قىلىش، دەپسەندىچىلىكلەرگە قارشى چىقماسلىق، ياۋاش – يۇمشاق بولۇش،

[32] سۈرە لوقمان، 17 - ئايەت.

ھاقارەتلەرگە غىڭ قىلماسلىقتەك، «پاسسىپ كۆتۈش»، «پاسسىپ چىداش »، «پاسسىپ يېتىۋېلىش» قا ئايلىنىپ كەتكەن. ھالبۇكى، بۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىمۇ، تارىخى تەجرىبىلەرمۇ، ساغلام ئەقلىمۇ رەت قىلىدۇ.

«صبر» نىڭ لۇغەت مەنىسى رازى بولۇش، كۆتۈرۈش، بەرداشلىق بېرىش، داۋاملاشتۇرۇش مەنىلىرىدە بولۇپ، «قاموس اللغة العربية المعاصرة» دە «تىنچ قەلب ۋە رازىمەنلىك بىلەن شىكايەت قىلماستىن، ئالدىراقسانلىق قىلماستىن كۆتۈش دەپ تەبىر بەرگەن» . تۈركىيە دىيانەت ۋەقفىنىڭ ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىدە «باشقا كەلگەن خىلمۇ – خىل دەرت – ئەلەم، دىشۋارچىلىق، بالا – قازالارغا چىداش»، «سەۋر دېگىنىمىز نەپسىنى ئەندىشە – تەشۋىشتىن، تىلنى شىكايەتتىن، ئەزالارنى يامان قىلىقلاردىن ساقلاش، كەڭرىچىلىكتىمۇ، تارچىلىقتىمۇ سۈكۈناتنى بۇزماستىن، ئاللاھتىن باشقىغا شىكايەت قىلماسلىق» دېگەن تەبىرلەر بار. «صبر» نىڭ قارمۇقارشى سۆزى «جزع»، يەنى، شىكايەت قىلماق، ۋايسىماق، قاخشىماقتۇر. مۇنۇ ئايەتتىنمۇ بۇ مەنىنى كۆرەلەيمىز.

﴿وَبَرَزُوا لِلَّهِ جَمِيعًا فَقَالَ الضُّعَفَاءُ لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا إِنَّا كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا مِنْ عَذَابِ اللَّهِ مِن شَيْءٍ قَالُوا لَوْ هَدَانَا اللَّهُ لَهَدَيْنَاكُمْ سَوَاءٌ عَلَيْنَا أَجَزِعْنَا أَمْ صَبَرْنَا مَا لَنَا مِن مَّحِيصٍ﴾.

(ئۇلار (يەنى خالايىقلار) نىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن) چىقىپ، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدۇ، ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) مۇتەكەببىرلىرىگە (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزگە بولۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازراق دەپئى قىلالامسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە سىلەرنى ھىدايەت قىلاتتۇق، بىز مەيلى نالە ـ پەرياد قىلايلى، مەيلى سەۋر قىلايلى، بەربىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق» دەيدۇ)[33]. ئايەتتە نالە – پەرياد دەل سەۋرنىڭ زىت مەنىلىك سۆزى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئىمام ئەبۇ ھامىد غەززالى بولسا «سەۋر دىنىي تۈيغۇلارنىڭ نەپسىنىڭ ئارزۇ – ھەۋەسلىرىگە قارشى تىركىشىشى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن[34]. بۈيۈك مۇپەسسىر ئالۇسى بولسا غەززالىنىڭ ئېنىقلىمىسىنى تولۇقلاپ «سەۋردىن مەقسەت نەپسىنى ئۇنى جەلپ قىلغان ئىش – ئەمەلدىن توسۇشلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى چىرايلىقچە قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارغا رازى بولۇشتۇر»[35]. غەززالىنىڭ قارىشىچە رىزا سەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

قۇرئان كەرىمدە «صبر» كەلىمىسى بەش يەردە، ئۇنىڭدىن تۈرلەنگەن ئىسىم ۋە پېئىللار يۈزدىن ئارتۇق يەردە كەلگەن. تۆۋەندىكى بىر قانچە ئايەت سەۋرنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ

[33] سۈرە ئىبراھىم، 21 ـ ئايەت.
[34] دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى.
[35] دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى.

بېرىدۇ.

﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُم بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾.

(بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ، بىرئاز قەھەتچىلىك، ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار، باللىرىڭلار ۋە زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە زىيان - زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن)[36].

يەنى، بۇ ئايەتتىكى سەۋر ئاللاھتىن كەلگەن ھەرخىل مۇسىبەتلەرگە ئاللاھقا ئىسيان قىلىپ ھەددىدىن زىيادە يىغلاپ، قاخشىماسلىق، ۋايسىماسلىق، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك، يوقىتىپ قويماسلىق، بەلكى تەمكىن، ساكىن قەلب بىلەن قوبۇل قىلىش، بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ كەينىگە چېكىنمەسلىك، مۇستەھكەم تۇرۇش، تەۋرەنمەسلىك دېمەكتۇر.

﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ﴾.

(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي) تۇرۇپ، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟)[37].

﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنكُمْ وَالصَّابِرِينَ وَنَبْلُوَ أَخْبَارَكُمْ﴾.

(بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر)[38].

﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّابِرِينَ﴾.

(ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر)[39].

﴿وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِاللَّهِ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِي ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ﴾.

(ئى مۇھەممەد!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ

[36] سۈرە بەقەرە، 155 - ئايەت.
[37] سۈرە ئال ئىمران، 142 - ئايەت.
[38] سۈرە مۇھەممەد، 31 - ئايەت.
[39] سۈرە نەھل، 126 - ئايەت.

سىقىلمىسۇن) [40].

﴿وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ﴾.

(بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ)[41].

﴿وَلَمَّا بَرَزُوا لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالُوا رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾.

(ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! (قەلبىمىزنى) چىدامچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى)[42].

﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُو الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا سَاعَةً مِّن نَّهَارٍ بَلَاغٌ فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا الْقَوْمُ الْفَاسِقُونَ﴾.

((ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىر دەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، (بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر، پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ)[43].

﴿وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾.

(پۈتۈن سۆز- ھەرىكەتلىرىڭلاردا) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر)[44].

ھەدىس شەرىفتىمۇ سەۋرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىممەتلىك مەزمۇنلار بولۇپ تۆۋەندە بىرقانچىسىنى نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

«كىمكى سەۋر تەلەپ قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ، ھېچ ئادەمگە سەۋردىنمۇ ياخشىراق، كەڭرەك بىر نەرسە بېرىلگىنى يوق»[45].

«مەن مۆئمەن بەندىنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيرانمەن. ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر، لېكىن مۆئمىنلەردىن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر مۆئمىنگە باياشاتلىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا قاتتىقچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر»[46].

«مەن بەندەمنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىسام، ئۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا،

[40] سۈرە نەھل، 127 – ئايەت.
[41] سۈرە فۇسسىلەت 35 – ئايەت.
[42] سۈرە بەقەرە، 250 - ئايەت.
[43] سۈرە ئەھقاف، 35 – ئايەت.
[44] سۈرە ئەنفال، 46 - ئايەت.
[45] بۇخارى، مۇسلىم.
[46] سۈرە ئەنفال، 46 - ئايەت.

ئىككى كۆزنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىمەن»[47].

يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسلەردىكى سەۋرنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، سەۋرنىڭ پۈتۈن مەنىسى ئايان بولىدۇ ۋە بىزدىكى ئىستېمال مەنىسى بىلەن بولغان ئاسمان – زېمىن پەرقنى كۆرەلەيمىز. بۇلارنى خۇلاسىلىگەندە، سەۋرنىڭ مەنىسىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

سەۋر دېگىنىمىز، ئىنساننىڭ نەپسى قىزىقتۇرغان ھاراملارنى يېيىش، زىنا قىلىش، يالغان ئېيتىش، ئاچچىقنى تۇتالماسلىق، ھەتتا غەيۋەت قىلىش، قاخشاش دېگەندەك گۇناھ، يامان ئىشلار ئالدىدا ئۆزىنى زور ئىرادە بىلەن تۇتۇۋېلىشى، كونترول قىلىشىدۇر.

سەۋر دېگىنىمىز، تائەت، ئىبادەتنىڭ ھەر خىل چوڭ – كىچىك جاپا – مۇشەققەتلىرىگە يۈزلىنىش، چىدامچانلىق كۆرسىتىش، تائەت، ئىبادەتلەردە ھورۇنلۇق، ئېرىنچەكلىك، سۆرەلمىلىك قىلماسلىقتۇر.

سەۋر دېگىنىمىز، ئاللاھ يولىدا يەتكەن باشقىلارنىڭ مەسخىرە، كەمسىتىش، ھاقارەتلىرىدىن تارتىپ، تۈرمىگە تاشلىنىش، قىيىن – قىستاقا چۈشۈش، مال – مۈلكى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، سۈرگۈن قىلىنىش، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشكىچە بولغان بارلىق چوڭ – كىچىك مۇسىبەت، ئەزىيەتلەر ئالدىدا بوشىشىپ قالماي، تەۋرەنمەي، چېكىنمەي، ھەق يولدا ئاداققىچە چىڭ تۇرۇشتۇر.

سەۋر دېگىنىمىز، ئۆزى ۋە يېقىنلىرىغا يەتكەن كېسەللىك، ئۆلۈم – يېتىم، ئىقتىسادىي زىيان، تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش مۇسىبەتلەرنى، ئاللاھتائالاغا ئىسيان قىلماستىن، زىيادە قاخشاپ، ۋايسىماستىن، تەمكىن قەلب بىلەن قوبۇل قىلىپ رىزا كۆرسىتىشتۇر.

سەۋرنىڭ مەنىسىنى مۇشۇ رەۋىشتە چۈشەنگەندىن كېيىن، سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەققە تەۋسىيە قىلىشنىڭ كەينىدىنلا كەلگەنلىكىدىكى ھېكمەت ئايدىڭلىشىدۇ. قانۇنىيەت شۇكى، ئىنسانلارنى ھەققە چاقىرىش تارىختىن بۇيان ئاسان بولغان ئەمەس، بەلكى بۇ جاپا – مۇشەققەت، مۇسىبەت – ئەزىيەتلەر بىلەن تولغان بىر يولدۇر. ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەلنىمۇ قىلغان، باشقىلارنى ھەققىمۇ چاقىرغان بولساقمۇ، ئەگەر بۇ يولدا يېتىدىغان ماددىي ۋە روھىي قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەندەك سەۋرىمىز بولمىسا، زىياندىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاخىرقى تۆتىنچى قەدىمى چالا بېسىلىپ قالىدۇ، زىياندىن قۇتۇلۇش مۇرادىغا يەتمەك مۇمكىن بولمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئايەت ھەققە چاقىرىشنىڭ ھەرگىزمۇ بىرەر ئېغىز نەسىھەت قىلىپلا قويۇش، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىسىلا دەرھال بولدى قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ھەققە چاقىرىشنىڭ بىر مۇئمىننىڭ دائىمىي ھايات پەلسەپىسى، كۈندىلىك

[47] بۇخارى

تۇرمۇش ئادىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ھەققە چاقىرىشنىڭ مېۋىسى كۆرۈلىدۇ، ئاندىن زىياندىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىت تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ھەققە چاقىرغۇچىلار باشقىلارنىڭ رەت قىلىشى، مەسخىرىسى، كەمسىتىشى، قۇلاق يوپۇرۇشى، پەرۋاسىزلىقى دېگەندەك ئىنكاسلىرىدىن مەيۈسلەنسە، ئۈمىتسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالسا، ھەققە چاقىرىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ خىزمەت ھېچبىر زامان داۋاملىشالمايدۇ، ئىنسانلارنى دۇنيا، ئاخىرەتلىك زىياندىن قۇتۇلدۇرىغان ۋەسىلىگە ئايلىنالمايدۇ. سەپەرگە ئاتلانغان بولساقمۇ، ناۋادا خورجۇنىمىزدا يېتەرلىك ئوزۇق – تۈلۈك بولمىسا يېرىم يولدا قېلىشىمىز مۇقەررەردۇر، بۇ يولدىكى ئوزۇق – تۈلۈك بولسا دەل سەۋردۇر، يەنى چىڭ تۇرۇشتۇر، بوشاشماسلىقتۇر، داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

بۇ يەردە شۇنداق ئىككى نۇقتىنى تەكىتلەش كېرەك، سەۋرگە چاقىرىشنىڭ ھەققە چاقىرىشنىڭ كەينىدىنلا كەلگەنلىكى، ھەرگىزمۇ سەۋرنىڭ پەقەت ھەققە چاقىرىش ئۈچۈنلا كېرەك ئىكەنلىكىنى، ئالدىدىكى ئىمان ئېيتىش، ياخشى ئەمەل قىلىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، سەۋر ئالدىدىكى ئۈچ باسقۇچ ئۈچۈن ئوخشاش مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىنسان ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئازغۇن ئىدىيە، چۈشەنچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا، قىزىقتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، بەزى باتىل ئىدىيەلەرگە مەپتۇنمۇ بوپقالىدۇ، مانا مۇشۇنداق چاغلاردا ئەنە شۇنداق ئىچى باتىل، سىرتى يالتىراق پىكىرلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە مايىل بوپكەتمەستىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن يەنە سەۋر كېتىدۇ. ياخشى ئەمەللەرمۇ ئىنساندىن نۇرغۇن بەدەل تەلەپ قىلىدۇ، قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ، بەزىدە ئادەمنىڭ بەزى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىدىغان، ياخشى ئىش قىلىشتىن كەلگەن بەزى ئەزىيەتلەرگە چىدىيالماي بۇلارنى ئەمدى قىلماسلىققا ۋەدە قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ سەلبىي ئىنكاسى بىلەن قىلىۋاتقان ياخشى ئىشىدىن ۋاز كېچىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، ناۋادا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنى ۋاز كېچىشتىن، بوشىشىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان سەۋر كۈچى كەم بولسا، ياخشى ئەمەل ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، بىزنى زىياندىن قۇتۇلدۇرىدىغان تەلەپتىن يىراقلاپ كېتىدۇ، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا بەزى گۇناھلارنىڭ قىزىقتۇرۇش، ئېزىقتۇرۇشى ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلىپ تاشلايدۇ، مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كۈچلۈك سەۋر كېرەك. قىسقىسى، مۇشۇ بۆلەكنىڭ باش قىسمىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، تۆتىنچى قەدەم بولغان سەۋر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئۈچ قەدەمنىڭ ئىزچىل ئادەتكە ئايلىنىپ، ھەقىقىي مېۋە بېرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەسىدۇر.

ئىككىنچى مۇھىم نۇقتا بولسا، ئايەتنىڭ سىياقىدىن ھەققە چاقىرىش

ۋە سەۋرگە چاقىرىشنىڭ شەخسنىڭ ئۆزىگىلا تاشلاپ قويۇلغان خۇسۇسىي ئەمەل ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ بىر جامائەت ئىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ يولدا ھەمكارلىشىشنىڭ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىللە مېڭىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈش مۇمكىن، چۈنكى، ئايەت «بىر - بىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دەۋاتىدۇ. خۇددى ئۆرۈشتىكى سەپداشلار يارىلانغاندا، بىر - بىرىنى يۆلەپ ھەمدەم بولغاندەك، بۇ يولدىمۇ شۇنداق چارچىغاندا، يىقىلغاندا، مەيۇسلەنگەندە، ئۈمىتسىزلەنگەندە، بىر - بىرىگە تەسەللى، ئىلھام بېرىش، روھىنى كۆتۈرۈش، يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق ئايەتنىڭ بىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان يەنە بىر مۇھىم مەنىسىدۇر.

## خاتىمە

ئاللاھتائالا بۇ قىسقىغىنا ئايەت كەرىمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پۈتۈن زامان، پۈتۈن ماكانلار ئۈچۈن بىر نىجاتلىق رېتسىپى سۇنۇۋاتىدۇ ۋە بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان تۆت قەدەم تولۇق ئېلىنمىغىچە، ئىككى ئالەملىك زىياننىڭ مۇقەررەرلىكىنى، ھېچبىر شەككە ئورۇن يوق دەرىجىدە كەسكىن خىتاب قىلىۋاتىدۇ. باشتا بىلىشىمىز كېرەك بولغان نۇقتا شۇكى، بۇ تۆت قەدەم يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بىر - بىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىچىدىن سىرتىغا يۆنەلگەن بىر تەدرىجى ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاۋال، پۈتۈن زامانلاردىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ زىياننىڭ يەنىلا زامان ئىچىدە تۇرۇپ زاماننى قىممەتلەندۈرەلمەسلىك بىلەن بولىدىغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زامان بوشلۇقىنى قايسى ئىشلار بىلەن تولدۇرغاندا ئاندىن بۇ زىياندىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۇنجى قەدەمدىكى ئىمان ئېيتىش، ئىنسانغا نىسبەتەن بىر روھىي ۋە زېھنىي ئىنقىلاب بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان بۇرۇنقى ئىنسان بولمايدۇ، تەپەككۇرى، روھىيىتى پۈتۈنلەي بۇ ئىماننىڭ قوماندانلىقى ئاستىغا كىرىدۇ. بۇ ئىنقىلاب ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يۈز بەرسىمۇ، ئىچىدىلا قاپسىلىپ تۇرمايدۇ ۋە تۇرالمايدۇ. خۇددى ئۇرۇقنىڭ تەبىئىتى بىخلىنىش بولغىنىدەك، ئىماننىڭ تەبىئىتىمۇ ئىپادىلىنىشتۇر. بۇ ئىپادىلىنىش ئىمان ئېيتقان ئىنساندا، ئىماننىڭ تەقەززاسىغا لايىق سالىھ ئەمەللەر بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. يەنى، ئىچىدىن سىرتقا بىر قەدەم تاشلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىنساننىڭ شەخسىي ئىمانى ۋە سالىھ ئەملى، ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە توپنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك بولمايدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدىكى ھەققە چاقىرىش بولسا، مۇئمىنىنىڭ ئۆزىدىن ھالقىغان بىر ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئىپادە قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇئمىن ئۆز چەمبىرىكىنىڭ سىرتىغا چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قەدەمدە سەۋرگە چاقىرىش كېلىدۇ، بۇ ئالدىدىكى ئۈچ قەدەمنىڭ غەلبىسىنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىمان ئېيتىش، سالىھ ئەمەل قىلىش، ھەققە چاقىرىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە

خاس قىيىنچىلىق، ئەزىيەتلەر بىلەن تولغان، ئەگەر سەۋردىن ئىبارەت يېقىلغۇ بولمىغىنىدا، بۇ ئۈچ ئىش ئىنسانلارنى قۇتقۇزالىغۇدەك كۈچكە، ئىزچىللىقتا ئىگە بولالمايدۇ. يەنە تەكىتلەش لازىمكى، گۈللەرنى چېقىن ئاپتاپ پورەكلىتەلمىگەندەك، ئىنسانىنىمۇ ئۆتكۈنچى ئەمەل قۇتقۇزالمايدۇ، بەلكى، ھاياتنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئەمەللەرلا قۇتقۇزالايدۇ.

ئىككىنچى نۇقتىغا كەلسەك، زىياندىن قۇتۇلۇش پەقەت مەزكۇر تۆت قەدەمنىڭ كەم-كۈتىسىز تاماملىنىشى بىلەن ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ. بۇ تۆت ئەمەل بىر – بىرى بىلەن ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، قايسىسى سەل قارالسا، كەم ئىجرا قىلىنسا، بۇ ئىلاھىي رېتسېپ شىپا بەرمەيدۇ. ئىمان بۇ سەپەرگە بەلباغلاشتۇر، نىيەتسىز ھېچبىر ھەرىكەت مەيدانغا كەلمەيدۇ. ياخشى ئەمەل بولسا، رەسمىي قەدەم تاشلاش بولۇپ، سەپەر نىيىتىمىزنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر بۇ قەدەم تاشلانمىسا، نىيەتمۇ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بۇخۇددى سەپەرگە نىيەت قىلىپ قويۇشلا بىر ئىنساننى مەنزىلىگە يەتكۈزەلمىگىنىدەك ئىشتۇر. ئاللاھتائالا بۇ يەردە شەخسنىڭ قۇتۇلۇشىنى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قۇتۇلۇشىنى مەقسەت قىلغاچقا، مۇئمىننىڭ سالىھلىقى ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، بۇ مەقسەت ئىشقا ئاشمايدۇ. شۇڭلاشقا، مۇئمىندىن ئۆزگە

راۋا كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرۈش تەلەپ قىلىنىپ، ئۇنىڭغا باشقىلارنىمۇ بۇ يولغا باشلاش ۋەزىپىسى يۈكلىنىدۇ. تۆتىنچى قەدەم بولسا ئالدىنقى ئۈچ قەدەمنىڭ ئىزچىللىشىشى، تۇراقلىشىشى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى، باشتىمۇ تەكىتلىگىنىمىزدەك، پۈتۈن بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە چىدام – غەيرەت، ئەزىم – ئىرادىگە موھتاج بولىدۇ. بۇ ئىددىئايىمىزنى ئايەتنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئايەتتە ئىشلىتىلگەن باغلىغۇچى «و» باغلانغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى تەڭداش مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ دېگەنلىك، زىياندىن قۇتۇلۇشتا ھەممىسىنىڭ تەڭ قىممەتلىك مىقدارلار ئىكەنلىكىدىن، قايسى بىرى كەم بولسا بۇ تەڭلىمىنىڭ كۈچىنى يوقىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۈچىنچى مۇھىم نۇقتا بولسا، ئايەتتە كۆزلەنگىنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىقىدۇر.



ئايەتتىكى «الانسان» كەلىمىسى بىرلىك ۋەزنىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقلىق ئارتىكلى ئۆز ئىچىگە ئېلىش مەنىسىدە بولۇپ، بۇ ئىنسان جىنسىغا تەۋە بارلىق ئەزالارنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھتائالا بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ قۇتۇلۇشىغا ۋەسىلە بولىدىغان ھەققە تەۋسىيە قىلىشنى، ھەربىر ئەزانىڭ شەخسىي ئەمىلىگە ئايلاندۇردى. يەنى، ئۇنۇمى نۇقتىسىدىن ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە بۇ ئەمەل، قىلىنىش نۇقتىسىدىن شەخسنىڭ ۋەزىپىسى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شەخس زىممىسىدىكى تۆت ئەمەلنى لايىقىدا ئادا قىلسىلا، ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە توپنىڭ زىياندىن قۇتۇلۇشى ئاپتوماتىك بىر جەريانغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ يەردىكى «ئۆز – ئارا تەۋسىيە قىلىشىش» تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ يەردە ئوخشاش تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە، بىرلا ۋاقىتتا ھەم تەۋسىيە قىلغۇچى، ھەم تەۋسىيەنى قوبۇل قىلغۇچىلىق سالاھىيىتىدە. بۇ خۇددى ھەربىر ئائىلە ئۆزىگە تەۋە تازىلىق رايونىنى تازىلىسىلا، پۈتكۈل مەھەللىنىڭمۇ تەبىئىي تازىلىنىپ قالىدىغانلىقىدەك بىر ئىشتۇر. بۇنى تەكىتلەشتىن مەقسەت، ئىنساننىڭ دائىم ئۆزىنىڭ شەخسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى تونۇپ يېتىپ بولالمايدىغانلىقىدەك بىر مەسىلىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشتۇر. ھەربىر ئەزاسى ئۆز زىممىسىدىكى ياخشى ئىشنى قىلىدىغان، بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي بۇ ياخشى ئىشنى بىر – بىرىگىمۇ تەۋسىيە قىلىدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ قانداق ماقامغا يۈكسىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقساقلا، ئايەتتىكى ھېكمەتنى تېخىمۇ روشەن چۈشىنەلەيمىز.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك تۆتىنچى مۇھىم نۇقتا شۇكى، كۆرگىنىمىزدەك ئايەتلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرگەن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلگەندۇر. يەنى، ئايەت ئىمان ئېيتىماقچى بولغان، سالىھ ئەمەل قىلماقچى بولغان، ھەققە ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشماقچى بولغانلارنى ئەمەس، بەلكى مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بولغانلارنىڭلا زىياندىن مۇستەسنالىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. بۇ ئىنسانلارنى ھەقىقىي مەنىدە قۇتقۇزىدىغان ئەمەللەرنىڭ قىلىنماقچى بولغان، تېخى نىيەت ۋە پىلان باسقۇچىدىكى ھەرىكەتلەر بولماستىن، چوقۇم رېئاللىقتا ئىشقا ئېشىپ بولغان ياكى ئىشقا ئېشىۋاتقان ئەمەللەر بولۇشى كېرەكلىكىگە كۈچلۈك ئىشارەتتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنى چوقۇم ئېيتىلىپ بولغان ئىمان، قىلىنىۋاتقان سالىھ ئەمەل، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات خىزمەتلىرىلا قۇتقۇزالايدۇ.

ئاخىرقى مۇھىم نۇقتىغا كەلسەك، بۇ بولسىمۇ، ئايەتتە بىزگە يېزىلغان رېتسېپنىڭ بىر ئومۇمىي رامكا، كۆللىي پىرىنسىپلار ئىكەنلىكىدۇر. ئەمەلىيەتتە، كۆللىي ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىش قۇرئاننىڭ مۇھىم ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ قۇرئاننى

پۈتۈن زامان، ماكانلاردا ئۈنۈملۈك تەتبىقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندۇ. مەزكۇر ئايەتتىكى تۆت ئىشمۇ پۈتۈن زامانلار ئۈچۈن كۈچكە ئىگە كۈللىي پرىنسىپلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجراسى تېخىمۇ كونكرېتلاشقان، خاسلاشقان، تەپسىلاتلاشتۇرۇلغان پىلان، پروگراممىلار بىلەن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. يەنى، ئايەت بىزگە زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلىنىشقا تېگىشلىك تۆت چوڭ ئانا ئىشنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىشنىڭ تەپسىلىي ئۇسۇل، يوللىرىنى بايان قىلمىغان. ماھىيەتتە، بۇ نۇقسان ئەمەس، دەل ئەكسىچە مۇكەممەللىكتۇر، ئىنسانلارغا رەھمەتتۇر. بۇ تەپسىلاتلارنى ئوخشىمىغان دەۋردىكى، ماكاندىكى ئىنسانلار ئۆزىگە خاس تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي شارائىتتا ئۇچرىغان ھەر خىل كىرىزىس مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەدىس – سۈننەتتىن، مۇجتەھىد، ئۆلىمالارنىڭ پىكىرلىرىدىن، ئەمەلىي ھايات تەجرىبىلىرىدىن، تېمىغا ئالاقىدار ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاس ھالىغا ماس ئىجتىھادلار بىلەن مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئاتېئىزم يامرىغان بىر جەمئىيەتتە ئىماننى ساقلاش تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەر بىلەن، دىنىي مىستىتىزم، خۇراپات يامرىغان جەمئىيەتلەردىكى خىزمەتلەر پەرقلىنىشى مۇمكىن، ھەتتا پەرقلىنىشى كېرەك. ياخشى ئەمەللەرنىمۇ پەرقلىق جەمئىيەتلەردىكى كونكرېت تەلەپ – تەقەززالارنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىملىق، ئالدىنلىق دەرىجىسىنى بېكىتىش مۇمكىندۇر، ھەتتا كېرەكتۇر. ھەققە تەۋسىيە قىلىشتىمۇ ئوبيېكتلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشىمىغان ئۇسۇل – مېتودلارنىڭ قوللىنىلىشىمۇ تامامەن ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر ئىشتۇر. سەۋرنىڭمۇ ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرگە قارىتا پەرقلىق بولۇشى غەيرى ھادىسە ئەمەستۇر. ئەمما، مەيلى قايسى زامان، قايسى ماكان، قايسى ھالدىكى مىللەت، جەمئىيەت بولسۇن، ئىمان ئېيتىش، سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش، ھەققە ۋە سەۋرگە چاقىرىشتىن ئىبارەت بىر- بىرىگە كىرىشكەن بۇ ئايرىلماس تۆت ئەمەل، خۇددى ئاسماندىكى قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك، ئۇلارغا ماڭىدىغان يول ۋە يۆنىلىشىنى ھەر زامان كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈف

# ئىجتىهاد، تەقلىد ۋە مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ پىرىنسىپلىرى



مۆمىنجان سىدىق

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم)[1]. ئۇلارنىڭ بۇ يۈكسەك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلار ئىچىدىن تاللانغان كىشىلەرگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆگىتىش خىزمىتىنى تاپشۇردى. نەتىجىدە، ئۈستۈنكى ئالەم بىلەن تۆۋەنكى ئالەم ئارىسىدا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۈزۈلمەس رىشتە باغلاندى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، تاكى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا توغرا يولدا مېڭىش، توغرا رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش ۋە بۇ پانىي دۇنيادىكى ئۆمرىنى ھەق ئۈستىدە ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۆگەتتى.

پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئەمەلىي ھاياتى ئارقىلىق ئۆگەتتى. دۇنيادىكى ۋەزىپىسى ئاخىرلىشىپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم. ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر؛ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر»[2] دېگەن مۇبارەك سۆزى بىلەن، ئۆزىدىن كېيىنمۇ بىزگە يول كۆرسىتىدىغان قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت شەرىپتىن ئىبارەت ئىككى دەستۇرنى قويۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر بىز ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساقلا، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنى ناھايىتى ئېنىق تەكىتلەپ ئۆتتى.

دېمەك، ئىنسان توغرا يولنى ئۆزلۈكىدىن تېپىپ ماڭالمايدۇ. ئۇنىڭغا چوقۇم بىر يول كۆرسەتكۈچى، بىلمىگەننى بىلدۈرگۈچى بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىدىغانلاردىن سوراپ ئۆگىنىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

[1] سۈرە زارىيات، 56 – ئايەت.

[2] مۇۋەتتە، 1395 – ھەدىس.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار)[3].

بۇ ماقالىدە توختالماقچى بولغان تېما «ئىجتىھاد، تەقلىد ۋە مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى» دېگەن ماۋزۇنى ئاساس قىلىدۇ. بىراق، ئاللاھ تائالا بىزگە قۇرئان كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگەتكەن تۇرسا، بىزنىڭ يەنە بۇ قائىدە - پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ دېگەندەك سوئال قويغۇچىلارغا جاۋابىمىز شۇكى، ئەلۋەتتە بار. چۈنكى بىلمەيدىغانلار بىلەن بىلىدىغانلار ئوخشاش بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى ئوچۇق تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ)[4].

شۇڭا ھەر زامان ۋە ھەر ۋاقىت بىلمەيدىغانلار بىلىدىغانلارغا موھتاج. «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر»[5] دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن، بىلىدىغانلار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىلغىنىنى قىلىدۇ، ئۆگەتكىنىنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن ناھايىتى بەك قورقىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ)[6].

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەمەل – ئىبادەتكە ئالاقىدار مەسىلىلىرىدە ئىجتىھاد قىلىپ، دەلىللىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خۇلاسە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە ئۆلىمالارنىڭ، شۇنداقلا ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن جاپالىق بىر ۋەزىپە. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەزىپىنى كىمنىڭ ئادا قىلىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى)[7].

بۇ ۋەزىپە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ئۇز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭدىن: «بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ، نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؟» دەپ سورىغان. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، - دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاندا تاپالمىساڭچۇ؟» دېگەندە، ئۇ: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ

[3] سۈرە نەھل، 43 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇجادىلە، 11 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 3157 – ھەدىس، سۈنەنى تىرمىزى، 2606 – ھەدىس.
[6] سۈرە فاتىر، 28 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە نىسا، 83 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈننەتنى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاندىمۇ، سۈننەتتىمۇ تاپالمىساڭچۇ؟» دېگەندە، ئۇ: كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىجتىھاد قىلىمەن، - دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ، ئۆزىنىڭ خۇرسەن بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن[8].

ئەمما ئىجتىھاد قىلىش قائىدە - پرىنسىپلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبىگە كەلسەك، ئۆلىمالار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دەلىللىرىنى دالالەت قىلىش كۈچىگە قارىتا مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلگەن:

بىرىنچى، قەتئىي ئىسپاتلانغان ۋە قەتئىيلىكتە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى ئېنىق ۋە كەسكىن، باشقا ھۆكۈملەرگە ئېھتىماللىقى يوق «مۇھكەم» (يەنى ئۆزگەرمەس) ئايەتلىرىگە ۋە قەتئىيلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇتەۋاتىر سۈننەتكە ئوخشاش.

ئىككىنچى، قەتئىي ئىسپاتلانغان، لېكىن ئېھتىماللىققا دالالەت قىلىدىغان دەلىل. مەسىلەن، تەۋىل قىلغىلى (يەنى باشقىچە چۈشەندۈرگىلى) بولىدىغان ئايەتلەرگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، ئېھتىماللىق بىلەن ئىسپاتلانغان، لېكىن قەتئىيلىكتە دالالەت قىلىدىغان دەلىل. مەسىلەن، چۈشەنچىسى قەتئىيلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاد ھەدىسلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، ئېھتىماللىق بىلەن ئىسپاتلانغان ۋە ئېھتىماللىققا دالالەت قىلىدىغان دەلىل. مەسىلەن، چۈشەنچىسى ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاد ھەدىسلەر.

بۇ نۇقتىدىن، ئۆلىمالار بىرىنچى تۈرلۈك دەلىلدە ئىجتىھاد قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىغا، قالغان ئۈچ تۈرلۈك دەلىلنىڭ ئېھتىماللىق تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

فىقھى قائىدە - پرىنسىپلىرىنى بېكىتكۈچى ئۆلىمالار جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئىجتىھاد قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى (ئۇسۇلۇل فىقھى)، ئۇسۇللىرى، مۇجتەھىدنىڭ كىم ۋە ئۇنىڭدا قانداق شەرتلەر تېپىلىشىنىڭ لازىملىقى، تەقلىد قىلىش ۋە مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ كىملەرگە دۇرۇس بولۇپ، كىملەرگە دۇرۇس بولمايدىغانلىقى قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىپ چىققان.

ئۇلار بۇ قائىدە - پرىنسىپلارنى بەلگىلەش نەتىجىسىدە ئىلمى كەم،

[8] سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 3119 - ھەدىس. مۇسنەدى ئەھمەد، 21000 .، 21049 ۋە 21084 - ھەدىسلەر.

دىنى ناقىس بىر قىسىم نادانلارنىڭ ئىجتىهاد چاپىنىنى كىيىۋېلىپ، دىنىي ئىشلاردا خالىغانچە پەتىۋا بېرىش، شەرىئەتنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى بۇزۇش، پىتنە قوزغاش، ئاخىرقى ھېسابتا ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ غالچىلىقىنى قىلىشتەك يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كېسىپ تاشلىغان. يەنى مەزكۇر قائىدە - پىرىنسىپقا ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.



ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! مەيلى تەپسىر ئىلمىدە بولسۇن، مەيلى ھەدىس ئىلمىدە بولسۇن، مەيلى فىقھى ئىلمىدە بولسۇن، ئىلگىرى ئۆتكەن ئەنە شۇ سەلەپ ئۆلىمالىرى ھەقىقەتەن ئەزىمەتلەر ئىدى. بىز مۇسۇلمانلار قايسى مىللەت ۋە قايسى ئىرقتىن بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى ھالىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا: «بىز سەلەپ سالىھلارنىڭ تۇتقان يولىغا قايتمىغۇچە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلالمايمىز، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايمىز، تارتقۇزۇپ قويغان دىنىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى قايتۇرۇپ ئالالمايمىز» دەپ دەۋا قىلىمىز ۋە ھەدەپ جار سالىمىز. كاشكى، بىز شۇنداق قىلالىغان بولساق، ئىسلام دىنىمىزنى قوغدىغان ۋە ئەزىز ياشىغان بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق ۋە قىلالمايۋاتىمىز.

ئىسلام نۇرى چاقنىغان تارىختىن باشلاپ ھەر ئەسىر ۋە ھەر دەۋردە ئۆز دىيارىدا ئۆتكەن نوپۇزلۇق ئۆلىمالار ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن فەقىھ ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇشقا ئەمگەك سىڭدۈرۈپ قىلىپ كەلگەن. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، ئەگەر بىز سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭساق، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە ئەگەشكەن بولۇپ قالمايمىز، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بىلىمىگە، تەقۋادارلىقىغا ۋە پەرھىزكارلىقىغا ئەگەشكەن بولىمىز. ناۋادا ئۇلار دىنغا ۋەكىللىك قىلماستىن، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيىتىگە ۋەكىللىك قىلسا ئىدى، ھەرقانچە بىلىملىك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ «ئۆلىما» دەپ ئاتالمايتتى، ئۆزلىرىنى «ئۆلىما» دەپ ئاتىۋالغان تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمانلار جامائىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇڭا بىز ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، تىل ئۇزارتماسلىقىمىز، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەڭ ياخشى ئەسىر

مېنىڭ دەۋرىمدۇر، ئاندىن قالسا كېيىن كېلىدىغانلاردۇر، ئاندىن قالسا كېيىن كېلىدىغانلاردۇر» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئىنساپ ۋە ۋىجدان ساھىبى بولۇشىمىز، قانداقتۇر بىرىلىرىنىڭ پىتنە - ئىغۋاسىغا ئەگىشىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئۇنداق بولسا، ئەسلىي تېمىمىزغا كېلەيلى!

## ئىجتىھاد قىلىشنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى

«ئىجتىھاد» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى:

ئىجتىھاد ئەرەب تىلى لۇغىتىدە: «قانداقلىكى قىيىن ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

شەرئىي ئاتالغۇدا: «ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىرەر شەرئىي ۋە ئىلمىي ھۆكۈمنى يەكۈنلەشتە بارلىق تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىش» دەپ تەرىپ قىلىنىدۇ.

## مۇجتەھىدتە تېپىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەر:

«مۇجتەھىد» دېگەن سۆزدىن شەرتسىز ئىجتىھاد قىلغۇچى مەقسەت قىلىنىدۇ. فىقھى ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىشى لازىم:

1- ئەرەب تىلىنى تولۇق بىلىش، يەنى گىراماتىكا، سەرپ، بالاغەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرى جەھەتلەردە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى شەرت.

2- قۇرئان كەرىمنى بىلىشى شەرت. قۇرئان كەرىم ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى دەستۇرى. ئۇ ئىنسانىيەتكە ھەممە ساھەدە پارلاق يول كۆرسەتكۈچى ئۇلۇغ كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق)[9].

شۇڭا مۇجتەھىد قۇرئان كەرىمنى چوقۇم بىلىشى كېرەك. چۈنكى قۇرئان كەرىمنى بىلمىگەن ئادەم ئىسلام شەرىئىتىنى بىلەلمەيدۇ. بۇ شەرت ئىچىگە قۇرئان كەرىمنى يادقا بىلىش، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنى، بالاغەت قىسمىنى، ناسىخ ۋە مەنسۇخ قىسمىنى، ئاممىبابلىق ياكى خاسلىق قىسمىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىلىملىرىنى بىلىش قاتارلىقلار كىرىدۇ.

3- سۈننەتنى بىلىش شەرت. سۈننەت - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرىنى، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ۋە تەقرىرلىرىنى (يەنى كۆز ئالدىدا باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تەستىقلىشىنى) كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار مۇجتەھىد ئۈچۈن سۈننەتنىڭ ھەممىنى بىلىشنى

[9] سۈرە نەھل، 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شەرت قىلمىغان. چۈنكى سۈننەت بىر دېڭىزدۇر. شۇڭا ئۇلار ئەھكامغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى بىلىشنى شەرت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆجتەھىدنىڭ ۋەز - نەسىھەت، قىسسە، ئاخىرەت ئەھۋاللىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى بىلىشى شەرت ئەمەس. لېكىن مۆجتەھىد ئىجتىھاد قىلىشقا ياكى پەتىۋا بېرىشكە موھتاج بولغاندا مۇراجىئەت قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندە ھەدىسلەرنىڭ بابلاردىكى ئورۇنلىرىنى بىلىشى كېرەك.

سۈننەتنى بىلىش دېمەك، ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنى، ئۇلارغا قويۇلغان شەرتلەرنى، رەت قىلىش سەۋەبلىرىنى، ئۇلارنى قارىلاش ۋە ئاقلاش (جەرھ ۋە تەئدىل) دەرىجىلىرىنى، ھەدىسنىڭ ناسىخ ۋە مەنسۇخلىرىنى، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرىنى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىلىملەرنى ئىنچىكىلەپ بىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

4- ئىجمائ مەسىلىلىرىنى (يەنى ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرنى) بىلىشى شەرت.

5- فىقھى ئىلمىنىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرىنى (ئۇسۇلۇل فىقھىنى) بىلىش، يەنى مەلۇم مەسىلىگە دەلىل كەلتۈرۈشتە قۇرئان، سۈننەت، ئىجما ۋە قىياس قاتارلىقلاردىن قانداق پايدىلىنىش، «الاستحسان، مصالح المرسلة» ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق پىرىنسىپلاردىن قانداق پايدىلىنىش، بۇلارنى دەلىل قىلىشنىڭ شەرتلىرى جەھەتلەردە تولۇق بىلىمگە ئىگە بولۇشى شەرت.

6- شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشى شەرت. يەنى ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرىنى قوغداش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشى ناھايىتى مۇھىم.

7- ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي ۋەزىيىتىنى، دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە پىكرىي ئەھۋاللىرىنى بىلىشى شەرت.

8- ئادالەتپەرۋەر ۋە تەقۋادار بولۇش، ھەق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، دىنىنى دۇنيا مەنپەئەتىگە تېگىشىۋەتمەيدىغان بولۇشى شەرت.

**ئەمدى ئىجتىھاد قىلىشنىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرىغا كەلسەك، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:**

بىرىنچى، پۈتۈن تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلماي تۇرۇپ ئىجتىھاد قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى فىقھى قائىدىلىرىنى بىكىتكۈچى ئۆلىمالار ئىجتىھاد قىلىشنى مۇنداق تەرىپ



قىلىغان: «ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىرەر شەرئىي ۋە ئىلمىي ھۆكۈمنى يەكۈنلەشتە بارلىق تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىش ئىجتىھادتۇر».

شۇڭا بىرەر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلغاندا دەلىللەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بارلىق ئىلمىي ئىقتىدارنى ئىشقا سېلىپ ئىزدىنىش، ئەگەر دەلىللەر ئارىسىدا زىتلىق كۆرۈلسە، فىقھىي ھۆكۈم چىقىرىش قائىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇ دەلىللەرنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك.

بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، بىرەر مەسىلىگە ئالدىراپ - تېنەپ پەتىۋا بەرگۈچى شەرىئەت ئېتىبارغا ئالغان مۆجتەھىد قاتارىغا كىرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ پەتىۋاسى قۇرئان كەرىمنىڭ ياكى سەھىھ ھەدىسنىڭ ۋەياكى مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ روھىغا خىلاپ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئىككىنچى، دەلىلى قەتئىيلىك بىلەن ئىسپاتلانغان ۋە قەتئىيلىككە دالالەت قىلىدىغان مەسىلىلەردە، مەسىلەن، نامازنىڭ پەرز بولۇشى، روزىنىڭ پەرز بولۇشى، ھاراق ئىچىشنىڭ ھارام قىلىنىشى، چوشقا گۆشىنىڭ ھارام قىلىنىشىغا ئوخشاش مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەمما دەلىلى قەتئىيلىك بىلەن ئىسپاتلانغان، لېكىن ئېھتىماللىقنى كۆرسىتىدىغان ياكى دەلىلى ئېھتىماللىق بىلەن ئىسپاتلانغان، لېكىن قەتئىيلىكنى كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدۇ، شۇنىڭدەك دەلىلىمۇ ئېھتىماللىق بىلەن ئىسپاتلانغان (ۋە ھۆكۈم جەھەتتىمۇ) ئېھتىماللىقنى كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئېھتىماللىق تەرەپلىرىدە ھەم ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، قەتئىيلىكنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى ئېھتىماللىقنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئېھتىماللىقنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى قەتئىيلىكنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ئىجمائىنى (بىرلىككە كەلگەنلىكنى) دەۋا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

تۆتىنچى، فىقھىشۇناسلىق بىلەن ھەدىسشۇناسلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئارىدىكى بوشلۇقنى تولغۇزۇش كېرەك. چۈنكى ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى فىقھىشۇناسلىققا، ئۇنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىغا ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ فىقھىشۇناسلارنىڭ ئىختىلاپلىق مەسىلىلىرى، دەلىل كەلتۈرۈش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسلۇبلىرى، ئىجتىھاد ئىقتىدارى قاتارلىق مەسىلىلەرگە سەل قارايدۇ. شۇنىڭدەك، فىقھى ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەم ھەدىس ئىلمىدە ئاجىز كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ بەزىسى، مەسىلىلەرگە ھۆكۈم

چىقىرىشتا ئەسلىسىز ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ، سەھىھ ھەدىسلەرنى رەت قىلىدىغان ئېغىر ئەھۋاللاردىن ساقلىنالمايدۇ. شۇڭا بۇ بوشلۇقنى قەتئىي تولدۇرۇش لازىم كېلىدۇ.

بەشىنچى، ئەمەلىي ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قەتئىي ھەزەر قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا بىزنى باشقىلارغا ھەقىقەتنى بىلدۈرىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ماڭىدىغان ئۈممەت قىلىپ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ياكى بىر ئىدىيەۋى قاراشنىڭ قۇيرۇقچىلىرى بولۇپ قېلىشىمىزغا رازى بولمايدۇ. قىسقىسى، شەرىئەت ئىشلىرىغا سەل قاراپ، دىن دۈشمەنلىرىگە يول قويۇپ، شەرىئەتنىڭ سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئالتىنچى، پايدىلىق يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. يەنى يېڭىلىقلارنى پۈتۈنلەي قارشى تۇرۇش نىشانى قىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. شۇ جۈملىدىن شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ نىزامنامىلىرىدىن ئەقىدىمىزگە، شەرىئىتىمىزگە زىت بولمىغان، شۇنىڭدەك جەمئىيىتىمىزگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قېزىپ چىقىپ، دىنىي ۋە مىللىي روھىي قۇۋۋىتىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىز بىلەن بېزەش ئارقىلىق قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىلغىماي ھەممىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

يەتتىنچى، ھازىرقى دەۋرنىڭ روھىي ئوزۇقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بىز زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىلگىرىكى مۇجتەھىدلەر دۇچ كەلمىگەن يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. شۇڭا بۇ مەسىلىلەردە ئۆزىمىز ئىجتىھاد قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىز ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئىلگىرىكى مۇجتەھىدلەر بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ياشىغان ۋە بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولسا ئىدى، خېلى كۆپ ساندىكى قاراشلىرىدىن يېنىۋالغان بولاتتى. بىز بۇنى مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ بەزى شاگىرتلىرىنىڭ كېيىنچە ئۆز ئىماملىرىنىڭ پەتىۋاسىدىن پەرقلىق ھالدا پەتىۋا بەرگەنلىكىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا بەزى ئىماملارنىڭ ئىلگىرىكى قاراشلىرىغا كېيىنكى قاراشلىرىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن، بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھتۇر.

سەككىزىنچى، يېڭىدىن دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە يەككە ئىجتىھاد قىلىش باسقۇچىدىن گۇرۇپ ھالىتىدە ئىجتىھاد قىلىش باسقۇچىغا قەدەم بېسىشىمىز، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق يەكۈنلىشىمىز، بولۇپمۇ ئاۋام - خەلققە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىر ھەدىستە كۆپچىلىكنىڭ پىكرى يەككە كىشىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا بەكراق توغرا بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ دۇچ كەلگەن بىرەر مەسىلىگە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن دەلىل تاپالمىسا، ئىلغار ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالاتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى. ئىجمائ مەسىلىسى مانا مۇشۇ يەردىن كېلىپ چىققان.

ئەسلىدە گۇرۇپ ھالىتىدە ئىجتىھاد قىلىش يەككە ھالەتتە ئىجتىھاد قىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى يەككە ئىجتىھاد زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. لېكىن يەككە ئىجتىھاد ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن مەسىلىلەر كۆپچىلىك مۇجتەھىدلەرنىڭ مەسلىھەتىگە قويۇلغاندىن كېيىن قارار ئېلىنسا، مەسىلە تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ئوچۇق ھەل بولىدۇ.

توققۇزىنچى، مۇجتەھىدنىڭ خاتالىشىپ قېلىش ئېھتىمالىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئۇنىڭ خاتاسىغا قارىتا كۆڭلىمىزنى كەڭ تۇتۇشىمىز، ئالدىراپ - تېنەپ بوھتان قىلماسلىقىمىز، قاتتىق پوزىتسىيەدە بولماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەردىن باشقا ئىنسان خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. ناۋادا بىز مۇجتەھىدنىڭ خاتالىقىنى بايقىغان ھامان ئۇنىڭغا قاتتىق پوزىتسىيەدە بولىدىغان بولساق، ئىجتىھادنىڭ روھىغا زەربە بېرىپ قويىمىز. نەتىجىدە، ئىجتىھادىي قاراشلار ئۆز ساھىبلىرىنىڭ دىللىرىدا بوغۇلۇپ قېلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فىقھىي ئەمگەككە ۋە پۈتۈن ئۈممەتكە چوڭ زىيان يېتىدۇ. ئىجتىھاد قىلغۇچىنىڭ خاتاسىنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن بۇ مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھاد قىلىش قائىدە - پىرىنسىپلىرىغا تولۇق ئىگە بولۇشى، ئادالەتپەرۋەر ۋە گۈزەل ئەخلاق ساھىبى بولۇشى كېرەك. چۈنكى فىقھى بىلەن شۇغۇللانغان ياكى بۇ ھەقتە كىتاب يازغان ۋەياكى بىر تۈركۈم ھەدىس يادلىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى مۇجتەھىد ھېسابلانمايدۇ.

## تەقلىد قىلىش (ئەگىشىش) نىڭ پىرىنسىپلىرى

«تەقلىد» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى:

تەقلىد ئەرەب تىلى لۇغىتىدە: ئېسىپ قويماق دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنساننىڭ بوۋلاپكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى باشقا بىرىگە ئېسىپ قويۇشىدىن كېلىپ چىققان.

شەرئىي ئاتالغۇدا بىرىنىڭ شەرئىي دەلىل بولالمايدىغان سۆزىنى: نېمىگە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلدىڭ؟ دېمەستىن قوبۇل قىلىش «تەقلىد» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەۋلادلارنىڭ ئەقىدىدە ئەجدادلارغا تەقلىد قىلىشىنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: (ئۇلار ئېيتتى: ئۇنداق ئەمەس، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق)[10].

شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ساندىكى

[10] سۈرە شۇئەرا، 74 - ئايەت.

ئۆلىمالار: ئەقىدىدە تەقلىد قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىمان بىرەر نەرسىگە كەسكىن ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىماندا تەقلىد قىلىشقا بولمايدۇ، - دەپ قارايدۇ.

ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا ئالاقىدار ئېتىقادىي ئىشلاردا تەقلىد قىلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا پۈتۈن ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى ئېتىقادىي ئىشلار قەتئىي ئىشەنچ تەلەپ قىلىدۇ». ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ)[11].

لېكىن ئۆلىمالار بىلىمسىز ئادەمنىڭ ئەمەل - ئىبادەتكە ئالاقىدار ئىشلاردا ئالىمغا تەقلىد قىلىشىنى ماقۇل كۆرگەن، لېكىن بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئىشلارغا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتكەن:

بىرىنچى، تۇرۇك ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تۇرۇك ئادەمگە تەقلىد قىلىشى ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا ھارامدۇر.

ئىككىنچى، بىرەر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلغان بىر مۇجتەھىدنىڭ شۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىدە ئىجتىھاد قىلغان يەنە بىر مۇجتەھىدكە تەقلىد قىلىشى، ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا مەنئى قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇجتەھىدنىڭ تۇرۇك ئادەمگە تەقلىد قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ نادىر ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى يىراق سانىغىلى بولمايدۇ.

**شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەقلىد قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ:**

1. تەقلىد قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئاللاھ نازىل قىلغان دەلىللەردىن يۈز ئۆرۈش.

2. بىراۋنىڭ تەقلىد قىلىنىشقا سالاھىيىتى بارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، تەقلىد قىلىش.

3. تەقلىد قىلىنغۇچىنىڭ قارىشىغا خىلاپ ھالدا دەلىل كۆرسىتىلگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا جاھىللىق بىلەن تەقلىد قىلىش.

## مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ قائىدە - پىرىنسىپلىرى

«مەزھەپ» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى:

مەزھەپ ئەرەب تىلى لۇغىتىدە: بارىدىغان جاي دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. شەرئىي ئاتالغۇدا: ئىسلام فىقھىسىدا داڭلىق مۇجتەھىد ئىماملار تۇتۇپ ماڭغان، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇئەييەن يول «مەزھەپ» دېيىلىدۇ.

[11] سۈرە ئىسرا، 36 - ئايەت.

ئىسلامىي مەزھەپلەر فىقھى ساھەسىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ۋە شۇ مەزھەپ ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. ئۇلار مول ئىلمى، ئىجتىھاد قىلىش جەھەتتىكى ئۆزلۈك رولى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان نوپۇزلۇق مۇجتەھىدلاردۇر.

ئۆلىمالار بۇ ھەقتە مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: «تارماق ئەھكاملارنىڭ دەلىللىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەربىر مۇسۇلمان دىن ئىماملىرىدىن بىر ئىمامغا ئەگىشىشى كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىنىڭ دەلىلىنى بىلىشتە ئىمكان قەدەر ئىجتىھاد قىلىشى، قاچانكى ئۆزىگە يول كۆرسەتكەن كىشىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭ دەلىل بىلەن كۆرسەتكەن كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، ئەگەر ئىلىم ئىگىلىرىدىن بىرى بولسا، دەلىللەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن كەم قالغان ئىلمىنى تولۇقلىشى ياخشى دەپ قارىلىدۇ».

مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ياكى ئوقۇمىغان ئادەملەر بىرەر مەزھەپكە ئەگەشمەكچى بولسا تۆۋەندىكى بىر قاتار مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشى ئالاھىدە تەلەپ قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىسلامىي مەزھەپلەر شەرىئەت دەلىللىرىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن فىقھىي ئەمگەكتۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ يېڭى شەرىئەت ئەمەس، شۇنداقلا ئىسلام دىنىدىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس.

ئىككىنچى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دەستۇرى قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر. ئۇنىڭ ساھەسى ھەرقانداق بىر مەزھەپ دائىرىسىدىن كەڭ ۋە ئامىمىباپتۇر.

ئۈچىنچى، ئىسلام شەرىئىتى ھەرقانداق مەزھەپ ئۈچۈن دەلىلدۇر، ئەمما مەزھەپ ئىسلام شەرىئىتى ئۈچۈن دەلىل بولالمايدۇ.

تۆتىنچى، مەزھەپنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېھتىماللىقى بار دەلىللەردە ئىجتىھاد قىلىشنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر بىر ئادەم مەلۇم بىر مەزھەپ بويىچە يول تۇتۇپ كەلگەن بولسا، شۇ مەزھەپنىڭ مەلۇم بىر مەسىلىدە خاتالاشقانلىقى ئېنىق بولۇپ، ئوخشاش شۇ مەسىلىنىڭ توغرا تەرىپى يەنە باشقا بىر مەزھەپتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، مەزكۇر مەزھەپكە ئەگەشكۈچى كىشى شۇ مەسىلىدە توغرا قاراشقا ئىگە مەزھەپنىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

بەشىنچى، مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگەشكۈچىنىڭ بەزى مەسىلىلەردە باشقا مەزھەپكە ئەگىشىشى، شۇنداقلا شەرئىي ھۆكۈمنى باشقا مەزھەپ فىقھى ئالىمىدىن سورىشى دۇرۇستۇر. چۈنكى مۇئەييەن بىر مەزھەپنىڭ پۈتۈن ئىجتىھادلىرىغا ئەگىشىش زۆرۈرىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا پەرز ياكى ۋاجىپ دەپ قارالمايدۇ.

ئالتىنچى، مۆئەييەن مەزھەپكە ئەگەشكۈچىنىڭ كەڭ قورساق بولۇشى، مۆتەئەسسىپلىك قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھەربىر مەزھەپ مۇجتەھىدلىرى ئاللاھ نازىل قىلغان ۋە شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىگەن مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەمگەك سەرپ قىلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي ئەمگىكى ئەمەس.

يەتتىنچى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارغا تار نەزەر بىلەن قارىماسلىق لازىم. چۈنكى مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ۋە يەكۈن چىقىرىشتا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇش، شۇنىڭدەك ئوخشاش بىر مەسىلە ھەققىدە پەرقلىق چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش غايەت نورمال ئەھۋال.

سەككىزىنچى، پەرقلىق مەزھەپلەردىكى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىشىمىز، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، دۇئا قىلىشىمىز، ئۇلار بىرەر مەسىلىدە توغرا ھۆكۈم چىقارسۇن ياكى خاتالاشسۇن، ئىككىلى ئەھۋالدا ئەجرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

2- ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق ھەدىس كىتابى

3- ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» ناملىق ھەدىس كىتابى

4- ئىمام تىرمىزىينىڭ «سنن الترمذي» ناملىق ھەدىس كىتابى

5- ئىمام ئەھمەدنىڭ «مسند أحمد بن حنبل» ناملىق ھەدىس كىتابى

6- يۈسۈف قەرزاۋىنىڭ «الاجتهادفي الشريعة الإسلامية» ناملىق كىتابى

7- ئابدۇلكەرىم زەيدانىنىڭ «الوجيز في أصول الفقه» ناملىق كىتابى

8- جۇمئە ئەمىن ئابدۇلئەزىزنىڭ «فهم الإسلام في ظلال الأصول العشرين للإمام الشهيد حسن البنا» ناملىق كىتابى

9- ئابدۇللاھ قاسىم ۋەشلىنىڭ «النهج المبين لشرح الأصول العشرين» ناملىق كىتابى

10- يۈسۈف قەرزاۋىنىڭ «الاجتهاد المعاصر بين الانضباط والانفراط» ناملىق كىتابى

11- مەھمۇد تەھمازنىڭ «الفقه الحنفي في ثوبه الجديد» ناملىق كىتابى

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تاھىرجان ئاباس

# ئىسلامدا ئادالەت چۈشەنچىسى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

*ئادالەت لۇغەتتە ئۇدۇل، تۈز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىستىلاھتا ھەر نەرسىنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئورۇنغا قويۇش ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە ئىجرا قىلىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئادالەتنىڭ ئەكسى زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىقتۇر. ئاللاھ بۇيرۇغاننىڭ خىلاپىدا ئىش قىلىشنىڭ ئادالەتنىڭ ئەكسى بولغان زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق بولىدىغانلىقىدا ئادالەتنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ.*

ئىسلام ھەممە تەرەپنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدىغان ئادالەتلىك ئائىلە، ئادالەتلىك جەمئىيەت، ئادالەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىشقا تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە ساھەدە ئادالەتلىك قانۇن - تۈزۈملەرنى قولغا قويدى. بۇ قانۇن - تۈزۈملەر ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئىسلامدىكى ئادالەت پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ - ئېتىقادلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - ھەممىسىگە تەتبىقلىنىدۇ.

ئىسلامدىكى ئادالەت - ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى كېمەيتمەستىن ياكى زىيادە قىلماستىن تولۇق بېرىش ۋە تەرەپلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش دېمەكتۇر. ئادا قىلىش پەرز بولغان ھەق - ھوقۇقلارنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «إِنَّ لِرَبِّكَ عَلَيْكَ حَقًّا، وِلِنَفْسِكَ عَلَيْكَ حَقًّا، وِلأَهْلِكَ عَلَيْكَ حَقًّا، فأعْطِ كُلَّ ذِي حَقٍّ حَقَّهُ» «شەكسىزكى، ئۈستۈڭدە رەببىڭنىڭ ھەققى بار، نەپسىڭنىڭ ھەققى بار، ئەھلىڭنىڭ ھەققى بار. ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەرگىن»[1].

ئىسلامدىكى ئادالەت - ئىسلامنىڭ پۈتۈن تەلىماتلىرى، شەرئىي ئەھكاملىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئاساسىي مەركەزدۇر. ئىسلامدا ئادالەت پەقەت ھەق -

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھوقۇق مەسىلىسىلا بولماستىن، بەلكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ساغلام مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىدۇر.

ئىسلامدىكى ئادالەت - مۇئمىنلەرنى ئۆز دىنداشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەت مەنسۇپلىرىغا، باشقا دىن ئېتىقادچىلىرىغا، ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ ئادىل بولۇشقا چاقىرىدىغان، ئادالەتتىن چەتنەپ كېتىشكە ھەرگىز يول قويمايدىغان، ھەممىگە ئادىل بولۇشنى تەقۋالىق دەپ سانايدىغان ئەڭ مۇكەممەل ئادالەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ (ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر)[2].

ئىسلامدىكى ئادالەت - ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماندىن كىتاب نازىل قىلىشىنىڭ، پەيغەمبەر ئەۋەتىشىنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىدىن ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە تەكىتلەنگەن ئادالەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾ (بىز ھەقىقەتەن

[2] مائىدە سۈرىسى، 8-ئايەت.

پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق)[3].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئادالەت بەرپا قىلىشتۇر. ئاللاھ ئادالەتنىڭ يوللىرىنى بىر تۈرگىلا چەكلەپ قويمىدى، ئادالەت قايسى يول بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەرىئەت - ئادالەت ۋە رەھمەتتۇر. ئادالەتتىن زۇلۇمغا، ھەقتىن ناھەقچىلىققا، رەھمەتتىن شەپقەتسىزلىككە چەتنەپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە، تەۋىل قىلىش ئارقىلىق شەرىئەتكە كىرگۈزۈۋېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىز شەرىئەتتىن سانالمايدۇ»[4].

## ئىسلامدا ئادالەتنىڭ ئەھمىيىتى

ئىسلامدىكى ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە گۈزەل ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەت تۈزۈمى ئىسلامنىڭ تېز تارقىلىشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بولغان. نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى ئۇرۇشسىز ۋە مەجبۇرلانماستىن، بەلكى مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرنىڭ راستچىللىق، مېھرىبانلىق، باراۋەرلىك، ئىخلاس ۋە ئادالەت

[3] ھەدىد سۈرىسى، 25-ئايەت.
[4] إعلام الموقعين (283/4).

ئاساسىدىكى گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئىسلامغا كىرگەن.

ئادالەت ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئىسلامنىڭ ئادالەتكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤدُّواْ الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُواْ بِالْعَدْلِ﴾ (شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ)[5]. ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَى﴾ (ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (بارلىق خەلقكە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ)[6]. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى سۆزلىگەندىمۇ ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُواْ﴾ (سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار)[7]. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى خەت يازغاندىمۇ ئادىللىق بىلەن يېزىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ﴾ (ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم-زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن)[8].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشنى سەدىقىلەرنىڭ تۈرلىرىدىن ساناپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «تَعْدِلُ بَيْنَ الاثْنَيْنِ صَدَقَةٌ» «ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشىڭىز سەدىقىدۇر»[9].

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتِلْكَ الْقُرَى أَهْلَكْنَاهُمْ لَمَّا ظَلَمُوا﴾ (شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)[10]. ﴿فَكَأَيِّنْ مِنْ قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَاهَا وَهِيَ ظَالِمَةٌ﴾ (نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق)[11].

ئادالەتتىن چەتنەش بىخەتەرلىكنىڭ يوقىلىشى، ھەق-ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشى، مەھكىمىلەرنىڭ ئېتىبارسىزلىنىشى قاتارلىق شەخس ۋە ئاممىنى راھەتسىز قىلىدىغان نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئۆزلىرى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە، زالىملارغا ھەددىنى بىلدۈرىدىغان قوراللىق گۇرۇھلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادالەتنىڭ غايىپ بولۇشى ئىنسانلارنىڭ، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھالاك بولۇشىغا؛ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاشقۇنلۇق، تېررورلۇقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ[12].

[5] نىسا سۈرىسى، 58-ئايەت.

[6] نەھل سۈرىسى، 90-ئايەت.

[7] ئەنئام سۈرىسى، 152-ئايەت.

[8] بەقەرە سۈرىسى، 282-ئايەت.

[9] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[10] كەھف سۈرىسى، 59-ئايەت.

[11] ھەج سۈرىسى، 45-ئايەت.

[12] نظرة في مفهوم الإرهاب والموقف منه في الإسلام، صفحة 39.

# ئىسلامدا ئىجتىمائىي ئادالەت ئۆلچەملىرى

1. ۋىجدانىي ئازادلىق. بۇنىڭغا دىندا مەجبۇرلىماسلىق، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش داخىل بولىدۇ. ئىسلام ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ساغلام فىترەت نىدالىرىنىڭ ئارىسىدىكى توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاشقا تىرىشىپ كەلدى. يەنى ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە باش ئېگىشتىن ئازاد قىلدى.

2. ئىنسانىي باراۋەرلىك. بۇ ھەق - ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت ساھەلىرىدە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدا باراۋەر. ئۇلارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

3. ئىجتىمائىي كاپالەت. ئۇ جەمئىيەتتە موھتاجلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قامداشنى نىشان قىلغان نىزام بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەمئىيەتتىكى پۈتۈن ئېھتىياج ساھەلىرى ئىستىسناسىز تولۇق پايدىلىنىشقا ھەقلىق بولىدۇ.

## ئىسلامدا ئادالەتنىڭ تۈرلىرى

ئىسلامدا ئادالەت ئىنساننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، قانۇنىي ۋە ئائىلىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ئادالەتكە موھتاج بولىدۇ. ئىسلامدا ئادالەتنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە مىسال تەرىقىسىدە ئۇنىڭ بىر قانچە تۈرىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز:

## ئىقتىسادىي ئادالەت

ئىسلامدا ئىقتىسادىي ئادالەت - شەخس ۋە ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلغان؛ ئۇلارنىڭ كەسىپ قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە ھەرگىز سەل قارىمىغان؛ شەخسنى ئىگىلىك تىكلەشكە تەشەببۇس قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭغا زاكات، سەدىقىلەر بىلەن پەقىرلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشنى پەرز قىلغان مىسلىسىز ئادالەتتۇر. خىيانەت، جازانە، ئالدامچىلىق، پۈرسەتپەرەسلىك قاتارلىق ئىللەتلەردىن چەكلەش ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي ئادالەتنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

## ئىجتىمائىي ئادالەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تەرغىب قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «أَيُّهَا النَّاسُ، فإنما أهلك الناس قبلَكم أنهم كانوا إذا سرق فيهم الشريفُ تركوه، وإذا سرق فيهم الضعيفُ أقاموا عليه الحدَّ، والذي نفسُ محمدٍ بيده، لو أن فاطمةَ بنتَ محمدٍ سرقتْ لقطعتُ يدَها» «ئى خالايىق! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنى ھالاك قىلغان نەرسە شۇ بولدىكى، ئۇلار ئارىسىدا ئابرۇيلۇق بىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنى قويۇپ بېرەتتى، ئاجىز بىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا جازا بېرەتتى. مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن (يەنى ئاللاھ

بىلەن) قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن»[13]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتتە ھەق-ھوقۇقتا پەرق بولۇشتىن توسقانلىقى ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ مىساللىرىدىندۇر. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى ھىمايە قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەردىن كۈچلۈك كىشى (مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا) ئاجىز كىشىدۇر، ھەتتا مەن ئۇنىڭدىن (باشقىلارنىڭ) ھەققىنى ئېلىپ بېرىمەن. سىلەردىن ئاجىز كىشى (مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا) كۈچلۈك كىشىدۇر، ھەتتا مەن (باشقىلاردىن) ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىمەن»[14]. ئىسلامدا ئىجتىمائىي ئادالەت ئاجىزغا ياردەم بېرىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. جەمئىيەتنىڭ كۈچى ۋە قانۇن ئاجىز كىشى تەرەپتە بولىدىكەن ئاجىز كىشىگە ئۇنىڭ ئاجىزلىقى زەرەر قىلمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ كۈچى ۋە قانۇن كۈچلۈك كىشىگە قارشى تەرەپتە بولىدىكەن كۈچلۈك كىشىگە ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈكى پايدا بەرمەيدۇ. ئىسلامنىڭ سوت ئالدىدا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى پەرز قىلىشى، ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ھەققىدە يان بېسىشنى چەكلىشى ئىسلامدا ئىجتىمائىي ئادالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مىساللىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىرىدىن بىر بەلگىمىنى ئىجرا قىلىشقا ئارا تۇرۇشقا ئۇرۇنغان بىرىگە كايىپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «**أَتَشْفَعُ فِي حَدٍّ مِن حُدُودِ اللهِ؟**» «ئاللاھنىڭ بەلگىلىرىدىن بىر بەلگىمىگە ئارا تۇرماقچىمۇسەن؟»[15].

## سىياسىي ئادالەت

ئىسلامدا سىياسىي ئادالەت جەمئىيەت ئەزالىرىدىن دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا يارايدىغانلارنىڭ ھېچبىرىنى مەقبۇل بولىدىغان شەرئىي، قانۇنىي سەۋەبسىز ئايرىۋەتمەستىن، ھەربىر كىشىگە سىياسىي ئىشلارغا ئىشتىراك قىلىش، دۆلەتنىڭ ھەيئەت ۋە ئورگانلىرىغا ۋەكىل بولۇش سالاھىيىتىنى بېرىدۇ. ئىسلامدا سىياسىي ئادالەتنىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: شەكسىزكى، كاپىر دۆلەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئادىل بولسا ئاللاھ ئۇنى ياشىتىدۇ. مۇسۇلمان دۆلەت بولغان تەقدىردىمۇ زالىم بولسا ئاللاھ ئۇنى ياشاتمايدۇ.

شەخسلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ زايە بولۇشى؛ رەھبەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى؛ پاراخورلۇق، چىرىكلىككە ئوخشىغان ئىجتىمائىي كېسەللەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سىياسىي ئادالەت بولمىغانلىقىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىندۇر. ئەمەلدار ۋە پۇقرا ھەممىسىگە قانۇننى ئوخشاش تەتبىقلاش ئىجتىمائىي ئادالەت كۆرۈنۈشلىرىدىندۇر. ئۇنىڭ بەزى مىساللىرى:

[13] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[14] ئىبنى ھىشامنىڭ تەرجىمەھالى 240-بەت.

[15] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىۋاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىساس ئېلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىدا سەپنى تۈزلەش جەريانىدا، قولىدىكى بىر چىۋىق بىلەن سىۋاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قورسىقىغا يېنىك چوقۇغاندا، ئۇ قورسىنىڭ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىساس ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قورسىقىنى ئېچىپ: قىساسىڭنى ئېلىۋالغىن، - دېگەن. لېكىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇچاقلاپ، قورسىقىغا سۆيۈۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇنداق قىلىشىڭغا نېمە تۈرتكە بولدى ئى سىۋاد؟ دېگەندە، ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بولغان ئىشنى سىلە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىلا، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا جىسمىمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىسمىلىرىگە تېگىۋېلىشىنى ئىراده قىلغانتىم،- دېگەن[16].

## مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇئامىلىسى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن ئەبۇ مەريەم سەلۇلىينىڭ ھەق -ھوقۇقىنى مەنئى قىلمىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياقتۇرمايمەن. ئەبۇ مەريەم: سېنىڭ مېنى ياقتۇرماسلىقىڭ مېنىڭ ھەق- ھوقۇقۇمنى مەنئى قىلامدۇ؟ ئۇ: ياق، - دەپ جاۋاپ بەرگەندە، ئەبۇ مەريەم: ئۇنداقتا سېنىڭ مېنى ياقتۇرمىغانلىقىڭنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق. ياقتۇرماسلىقتا پەقەت ئاياللارلا قايغۇرىدۇ دېگەن[17].

## قانۇني ئادالەت

ئىسلامدىكى قانۇني ئادالەتتىن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرمەستىن ھەربىر كىشىگە قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى، ھەق - ھوقۇقىنىڭ مەھكىمىلەردە قانۇن بىلەن قوغدىلىشى ۋە بۇ قانۇننىڭ ھەربىر كىشىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى كېمەيتىۋەتمەيدىغان ۋە ھەق - ھوقۇقىغا ئېرىشىش پۇرسىتىنى ئازايتىۋەتمەيدىغان قانۇن بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىسلام ئادالەتنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان قانۇني قائىدە - پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ زىيىنىغا، داۋاگەرلەرنىڭ پايدىسىغا بولغان تەقدىردىمۇ، ئادىل گۇۋاھلىق بېرىش. ﴿وَلاَ يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلاَّ تَعْدِلُواْ اعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى﴾ (بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن

[16] رواه الألباني، في السلسلة الصحيحة، عن أشياخ من قوم حبان بن واسع، الصفحة أو الرقم: 808، إسناده حسن.

[17] جامعة المدينة العالمية، السياسة الشرعية، صفحة 390.

تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر)[18].

2. ئادىل بولۇشقا بۇيرۇش ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانى دەپ بىلىش. ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَىٰ﴾ (ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (بارلىق خەلقكە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ)[19].

3. ھەق - ھوقۇقلاردا ھەممەيلەن باراۋەر بولۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «لا فَضْلَ لِعَرَبِيٍّ على عَجَمِيٍّ، ولا لِعَجَمِيٍّ على عَرَبِيٍّ، ولا أحمَرَ على أسوَدَ، ولا أسوَدَ على أحمَرَ؛ إلَّا بالتَّقْوى» «ئەجەمدىن ئەرەب، ئەرەبتىن ئەجەم، قارا تەنلىكتىن قىزىل تەنلىك، قىزىل تەنلىكتىن قارا تەنلىك ئۈستۈن ئەمەس، ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ»[20].

## مىللەتلەر ئارىسىدا ئادالەت

جەمئىيەتتە بىرەر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ياكى بىرەر دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشنى، ھەق - ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىشنى راۋا قىلمايدۇ. سانى ئاز، كۈچى ئاجىز مىللەت ئەزالىرىمۇ ئادالەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇئاھىدكە (يەنى كېلىشىم تۈزگەنگە) زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى داۋاگەرى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ألَا مَن ظلَم مُعاهَدًا أو انتقَصه أو كلَّفه فوق طاقتِهِ أو أخَذ منه شيئًا بغَيرِ طِيبِ نَفْسٍ، فأنا حَجيجُهُ يومَ القِيامةِ» «بىلىڭلاركى، كىمكى مۇئاھىدكە زۇلۇم قىلىدىكەن، ياكى ئۇنىڭ ھەققىنى قىسىپ قويىدىكەن، ياكى ئۇنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىدىكەن، ياكى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋالىدىكەن مەن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ داۋاگەرى بولىمەن»[21].

## ئاياللار ئارىسىدا ئادالەت

ئىسلام نۇرغۇن ھېكمەتلەر بىلەن ئەرلەرنىڭ كۆپ ئاياللىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلار ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ﴿وَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تُقْسِطُوا فِي الْيَتَامَىٰ فَانْكِحُوا مَا طَابَ لَكُمْ مِنَ النِّسَاءِ مَثْنَىٰ وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ ۖ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰ أَلَّا تَعُولُوا﴾ (ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلارياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىشىڭلار بولىدۇ.

[18] مائىدە سۈرىسى 8-ئايەت.

[19] نەھل سۈرىسى، 90-ئايەت.

[20] رواه شعيب، في تخريج المسند، عن رجل من الصحابة، الصفحة أو الرقم:23489، إسناده صحيح.

[21] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

بىر خوتۇن بىلەن كۆپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر»[22].

كۆپ ئايالىلىق بولۇشنىڭ رۇخسەت بولۇشى ئايالىلارغا زۇلۇم قىلىشقا، ھەق - ھوقۇقلىرىنى كېمەيتىشكە يول ئېچىپ بېرىش دېگەنلىك بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ (ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ياشاڭلار)[23]. كىمكى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەرك ئېتىدىكەن چوقۇم زالىم بولىدۇ، ئادالەتتىن چەتنىگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرلەرنى ئاياللىرى ئارىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مَن كانتْ له امرأتان فمالٍ إلى إحداهما جاء يومَ القِيامةِ وشِقُّهُ مائلٌ» «كىمكى، ئىككى ئايالى بولۇپ، بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى يېرىمى مايىل ھالدا كېلىدۇ»[24].

## پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئادالەت

پەرزەنتلەر ئاللاھ بەرگەن نېمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلىپ بۇ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش توغرا بولمايدۇ. پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇش مۇئامىلىدە، خىراجەت قىلىپ بېرىشتە، ئوقۇتۇشتا، ھەدىيە - سوغات بېرىشتە ئادىل بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت، دۈشمەنلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە بۇ ئىش ئۇلار ئارىسىدا سىلە - رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈشىگە ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا - ئانىلارنى پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «اتَّقوا اللهَ، واعْدِلُوا بينَ أولادِكُمْ» «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئەۋلادلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار»[25].

## داۋاگەرلەر ئارىسىدا ئادالەت

قازىنىڭ داۋاگەرلەرگە قاراشتا، تەبەسسۇم قىلىشتا، ۋاقىت بېرىشتە، خىتاب قىلىشتا ۋە ھەر ئىشتا ئادىل بولۇشى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئادىل بولغۇچىلارنى قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ يېنىدا نۇردىن بولغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرغۇزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «إنَّ المُقْسِطِينَ عِنْدَ اللهِ علَى مَنابِرَ مِن نُورٍ، الَّذِينَ يَعْدِلُونَ في حُكْمِهِمْ وأَهْلِيهِمْ وما ولوا» «ھۆكۈم قىلىشتا ئادىل بولغانلار، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلغانلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ»[26].

[22] نىسا سۈرىسى 3-ئايەت.

[23] نىسا سۈرىسى، 19-ئايەت.

[24] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

[25] ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[26] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالىتىدىن بەزى ئۆرنەكلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئادىلى ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋە كۈچلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەر بولۇش ئېتىبارى بىلەن، ھەممە تەرەپلەرگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ زاتنىڭ ئادالەتلىرىدىن:

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدىكى ئادالىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئارىسىدا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئادىللىق قىلاتتى. ئاندىن قۇدرەت دائىرىسىدە بولمىغان ئىشلاردا يەنى ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈشتە رەببىنىڭ جازاغا تارتماسلىقىنى تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللّهمّ هذا قِسمي فيما أملِكُ، فلا تَلُمْني فيما تَملِكُ ولا أملِكُ» «ئى ئاللاھ، بۇ مېنىڭ مەن ئىگە بولالايدىغان نەرسىدىكى تەقسىماتىمدۇر، سەن ئۆزەڭ ئىگە بولىدىغان، مەن ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە ماڭا كايىمىغايسەن»[27].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئادالىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «وَايْمُ اللهِ لو أنَّ فَاطِمَةَ بِنْتَ مُحَمَّدٍ سَرَقَتْ لَقَطَعْتُ يَدَهَا» «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كېسىمەن»[28].

## ئادالەتنىڭ مېۋىلىرى

ئادالەتنىڭ مېۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئادالەت ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾ «(ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ»[29].

2. ئادالەت زالىمنى زۇلۇمدىن قايتۇرىدىغان، مەزلۇمنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئېلىپ بېرىدىغان، ئاللاھنى رازى قىلىدىغان يولدۇر.

3. ئادالەت ئەمەلدار بىلەن پۇقرا ئارىسىدا ئىشەنچ پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچەيتىدۇ.

4. ئادالەت خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. جەمئىيەتكە ئامانلىق، خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ.

---

[27] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام تىرمىزى، ئىمام نەسەئىي رىۋايىتى.

[28] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[29] ھۇجۇرات سۈرىسى، 9-ئايەت.

## خۇلاسە:

ئىسلامدىكى ئادالەت - ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى كېمەيتمەستىن ياكى زىيادە قىلماستىن تولۇق بېرىدىغان ۋە تەرەپلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان؛ مۇئمىن - مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنداشلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەت تەۋەلىرى، باشقا دىن ئېتىقادچىلىرى، ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ ئادىل بولۇشقا چاقىرىدىغان، ئادالەتتىن چەتنەپ كېتىشكە ھەرگىز يول قويمايدىغان، ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشنى تەقۋالىق دەپ سانايدىغان؛ ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماندىن كىتاب نازىل قىلىشىنىڭ، پەيغەمبەر ئەۋەتىشىنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىدىن ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە تەكىتلەنگەن؛ دۇنياغا ئىسلامنىڭ تېز تارقىلىشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بولغان ئەڭ مۇكەممەل ئادالەتتۇر.

ئىسلامدىكى ئادالەت - پەقەت ھەق - ھوقۇق مەسىلىسىلا بولماستىن، بەلكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ساغلام مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىدۇر.

ئادالەتتىن زۇلۇمغا، ھەقتىن ناھەقچىلىققا، رەھمەتتىن شەپقەتسىزلىككە چەتنەپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە، تەۋىل قىلىش ئارقىلىق شەرىئەتكە كىرگۈزۈۋېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىز شەرىئەتتىن سانالمايدۇ.

ئادالەتتىن چەتنەش بىخەتەرلىكنىڭ يوقىلىشى، ھەق - ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشى، مەھكىمىلەرنىڭ ئېتىبارسىزلىشىشى قاتارلىق نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھالاك بولۇشىغا؛ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئاشقۇنلۇق، تېررورلۇقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىسلامدىكى ئادالەت ئىنساننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، قانۇنىي ۋە ئائىلىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ئادالەتكە موھتاج بولىدۇ.

ئاللاھ بىزلەرنى ئادىل بولۇشقا، ئادالەت ئىچىدە ياشاشقا، ھەممە تەرەپنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىدىغان ئادالەتلىك ئائىلە، ئادالەتلىك جەمئىيەت، ئادالەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇسالام تەكلىماكان

# ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىككى ئاتالغۇ

ئاتاۋۇللا سەئىد

بېشى ئالدىنقى ساندا

بىز ئالدىنقى ساندا «مەزھەپچىلىك» ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. بۇ ساندا ماقالىمىزنىڭ داۋامى «مۇتەئەسسىپلىك» ئاتالغۇسى ھەققىدە بولىدۇ.

## مۇتەئەسسىپلىك

مۇتەئەسسىپلىك چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كۆرۈلىدىغان بىر خىل روھىي ھالەتتۇر. ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ئەمما تەبىر ۋە ئىپادە جەھەتتىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدە فىقھى ئىلىمدا قوللىنىلىدىغان مۇتەئەسسىپلىك، يەنى«مەزھەپ مۇتەئەسسىپلىكى» ھەققىدىلا توختىلىمىز. بىز فىقھىي تېمىدىكى بەس – مۇنازىرىلەردە مۇتەئەسسىپ سۆزىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. كىشىلەر پىكىردە چىڭ تۇرغان، ئۆزىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنى كۆرسىلا مۇتەئەسسىپ قالپىقىنى كىرگۈزۈشكە ئالدىرايدۇ، بولۇپمۇ مەزھىپىدە چىڭ تۇرغان كىشىنى كۆرسە.

مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تەبىرى ۋە ماھىيىتى نېمە؟

مۇتەئەسسىپلىك قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ مەزھىپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشمۇ؟

ئەگەر مۇشۇ تەبىر بويىچە بولىدىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى مۇتەئەسسىپ بولمامدۇ؟ چۈنكى ھەر دىن، ھەر مەزھەپ ۋە ئېقىم ساھىبى ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ.

مەزھىپىدە چىڭ تۇرۇش فەقىھلەر تەرىپىدىن «التَصَلُّب»، «الصلابة» ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىپ، مەدھىيىلەنگەن. بۇ ھەقتە ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئالىم، فەقىھ، ئۇسۇلۇل فىقھى ئالىمى پەخرۇلئىسلام بەزدەۋى مۇنداق دەيدۇ: «مەزھەپتە چىڭ تۇرۇش ۋاجىپ، مۇتەئەسسىپلىك قىلىش جايىز ئەمەس. مەزھەپتە چىڭ تۇرۇش مەزھىپىگە ۋە ئۆزى ھەق، توغرا دەپ قارىغان قاراشقا ئەمەل قىلىشتۇر. مۇتەئەسسىپلىك ھاماقەتلىك ۋە باشقا مەزھەپ ساھىپلىرىغا ناچار مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتىشتۇر. بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىنىڭ مەقسىتى ھەقىقەتنى ئىزدەشتۇر. ئۇلار

توغرا يولدىدۇر»[1].

ئەللامە ئىبنى فەررۇخ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالىرىمىز ۋە باشقا مەزھەپ ئالىملىرى مۇتەئەسسىپكىلىنىڭ ھارامىلىقىغا، مەزھەپتە چىڭ تۇرۇشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بىرلىكتە كەلگەن. مەزھەپتە چىڭ تۇرۇش مۇجتەھىدكە دەلىللەردىن ئايان بولغان ھۆكۈمدە چىڭ تۇرۇشتۇر. بۇ (دەلىللەردىن ھۆكۈمنىڭ ئايان بولۇشى) مۇجتەھىدلەرگىلا ياكى مۇجتەھىدلەرگە ئەگەشكەن نەزەر ئەھلى (يەنى دەلىللەرگە قاراپ چىقىش سالاھىيىتى ھازىرلىغان كىشى)گىلا خاستۇر. مۇتەئەسسىپلىك بولسا، مەزھىپىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھاۋايى-ھەۋەسكە مايىل بولۇش، باشقا ئىمام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كەمسىتىشتۇر...»[2].

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلسىمۇ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان پىكىردىن يانمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ مىساللىرى تارىخ كىتابلىرىدا ساناقسىز تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكىدەك مەۋقەسىزلىك، مەزھەپسىزلىك ئەۋج ئالغان، ھەقىقەتلەر ئەۋرىشىملىشىپ كەتكەن، سۆيۈلۈشلاشقان دەۋردە «التصلب» ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئىسىل سۈپەتتۇر. سەلەپ سالىھلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە «التقوى فوق الفتوى» (تەقۋادارلىق

پەتىۋانىڭ ئۈستىدە) ئىدى. ئۇلار ئۆزى توغرىلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان قاراش بويىچە پەتىۋا بېرەتتى، لېكىن باشقا ئالىملار توغرا دەپ قارىمايدىغان ئىختىلاپلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. كۈنىمىزدە شۇنداق بىر مەۋقەسىزلىك تارقىلىپ يۈرمەكتىكى، بىراۋغا بۇ ئىشنى قىلماڭ، توغرا ئەمەس دېسىڭىز. سىزدىن سورايدۇ:

مەكرۇھمۇ ياكى ھاراممۇ؟

- مەكرۇھ.

ھارام بولمىغاندىكىن قىلساق بولىدىكەنغۇ!

- ھارام.

- ھاراملىقىدا ئىختىلاپ بارمۇ يوقمۇ؟

...

ئەگەر مەزھىپىدە چىڭ تۇرۇش مۇتەئەسسىپلىك بولىدىغان بولسا، پۈتۈن مۇسۇلمانلار مۇتەئەسسىپ بولامدۇ؟ چۈنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى مۇسۇلمانلار ئاساسەن تۆت مەزھەپ بويىچە ئەمەل - ئىبادەت قىلىپ كەلگەن. ئىمام تاھاۋى، بەيھەقىي، سەرەخسىي، نەۋەۋى، ئىبنى قۇدامە، ئىبنى ھەجەر، بەدرۇددىن ئەينىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى مەزھەپكە ئەگەشكەن ۋە مەزھىپىدە چىڭ تۇرغان، مەزھىپىدىن چىققان مەسىلىلىرى ناھايىتى ئاز بولغان. ئۇلارمۇ مۇتەئەسسىپمۇ؟

مۇتەئەسسىپلىك دەلىلنى رەت قىلىشمۇ؟ ئۇنداقتا دەلىلنىڭ

[1] ئىبنى ئابىدىن: «العقود الدرية في تنقيح الفتاوى الحامدية»، «دار المعرفة» نەشرىياتى، **2-توم، 333-بەت.**

[2] ئىبنى فەررۇخ: «القول السديد في بعض مسائل الاجتهاد والتقليد»، 46-بەت.

تەبىرىچۇ؟ سىز دەلىل دەپ قارىغان نەرسە باشقىلارنىڭ قارىشىدا دەلىل بولماسلىقى، سىز قەتئىي دەلىل دەپ قارىغان نەرسە باشقىلارنىڭ قارىشىدا گۇمانىي دەلىل بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ مىساللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ھەدىسلەرنى مىسالغا ئالساق، بىر ھەدىسشۇناس سەھىھ دېگەن ھەدىسنى يەنە بىرى زەئىپ دېيىشى مۇمكىن. ھەتتا بىرى «ھەسەن» دېگەن ھەدىسنى يەنە بىرى توقۇلما دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىشلارمۇ بار. مەزھەپلەر ئارىسىدا دەلىل ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ تۇرسا، قانداقمۇ قارشى تەرەپنى مۇتەئەسسىپ دەپ ئەيىبلىگىلى بولسۇن؟! تارىختىن بېرى مەزھەپلەر ئارىسىدا ساناقسىز مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن. مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر تۈپەيلى ھېچبىر شافىئىي ياكى ھەنبەلىي ئالىم ھەنەفىيلەرنى ياكى ھەنەفىي مەزھىپىدىكى بىرەرسىنى مۇتەئەسسىپ دەپ ئەيىبلەپ باقمىغان. فىقھى كىتابلىرىنى كېچە - كۈندۈز ئاختۇرۇپمۇ بۇ مەسىلە تۈپەيلى باشقىلارنى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئەيىبلىگەن بىرەر ئالىمنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. قەدىمدىن بېرى مۇتەئەسسىپلىك سانالمىغان ئىش قانداقسىگە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە مۇتەئەسسىپلىك بولۇپ قالدى؟ يۇقىرىقى تەبىر تەتبىقلىغىلى بولىدىغان «جامع» (تەبىرگە ئۇيغۇن شەيئىلەردىن بىرىنىمۇ سىرتتا قالدۇرمايدىغان)، «مانع» (تەبىرگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق شەيئىنىڭ كىرىپ قېلىشىنى توسىيالايدىغان) تەبىرمۇ؟ بۇ تەبىر بويىچە بولغاندا مۇتەئەسسىپلەر كىملەر؟

مۇتەئەسسىپلىك بىر قىسىم سەنەدى سەھىھ ھەدىسلەرنى دەلىللەرگە تايىنىپ رەت قىلىشمۇ؟

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھېچبىر ئالىم سەھىھ ھەدىسنى سەۋەبسىزلا رەت قىلمايدۇ. ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ سەھىھ بولۇشى ئەمەل قىلىشنىڭمۇ سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. مۇجتەھىدلەر ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن سەنەدىنىڭ سەھىھ بولۇشىغا يەنە باشقا شەرتلەرنىمۇ قوشىدۇ. بولۇپمۇ ئىمام مالىك ۋە مالىكىيلەر. يەنە كېلىپ، ھەدىسلەرگە باھا بېرىشمۇ ئىجتىھادىي مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىماملارنىڭ سەھىھ ھەدىسكە قويغان شەرتلىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىر ئىمامنىڭ نەزىرىدە سەھىھ بولغان ھەدىس يەنە بىرىنىڭ نەزىرىدە سەھىھ بولماسلىقى مۇمكىن. ھەدىسنىڭ سەھىھ دەپ باھالىنىشىدا ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ئارىسىدا بىردەك ئىشەنچلىك دەپ باھالانغان رىۋايەتچىلەر ئىختىلاپلىق رىۋايەتچىلەرگە قارىغاندا ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ[3].

مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىدا سەھىھ دېيىلگەن ھەدىسلەرنى پەقەت رەت قىلىپ باقمىغان بىرمۇ ئىمام ياكى مەزھەپ يوق. يەنى فىقھشۇناسلار ھەدىسشۇناسلار سەھىھ دەپ باھا

[3] مۇھەممەد ئەۋۋامەنىڭ «أثر الحديث الشرف في اختلاف الأئمة الفقهاء رضي الله عنهم» (ھەدىس شەرىپنىڭ فىقھشۇناس ئىماملارنىڭ ئىختىلاپىغا كۆرسەتكەن تەسىرى) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىمام زەھەبىي، ئىبنى ھەجەر قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ھەققىدىكى كىتابلىرىغا قاراڭ.

بەرگەن بىر قىسىم ھەدىسلەرنى رەت قىلغان ئىشلار مەۋجۇت. بۇنىڭدا ھەربىر ئىمامنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەلىلى بار. ئىمام مالىكنى مىسال قىلساق، ئىمام مالىك مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەلىگە خىلاپ، قىياسقا خىلاپ، قۇرئاننىڭ زاھىرىغا خىلاپ دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن قوبۇل قىلمىغان ھەدىسلەر مۇستەقىل بىر كىتاب بولغان. بۇ ھەقتە دوكتۇر ئەددنان ئابدۇللا زۇھار «**أحكام فقهية خالف فيها المالكية الأحاديث الصحيحة والجواب عنها**» (مالىكىي مەزھەپىدىكىلەر خىلاپلىق قىلغان سەھىھ ھەدىسلەر ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب) دېگەن نام بىلەن مۇستەقىل بىر كىتاب يازغان. فەقىھلەرنىڭ قارىشىدا ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ سەھىھ بولۇشى ئەمەل قىلىشنىڭمۇ سەھىھلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئايرىم مەسىلە، ئەمەل ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكۈم ئېلىش ئايرىم مەسىلە. فەقىھلەرنىڭ بىر ھەدىسنى كىتابىدا رىۋايەت قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ياكى سەھىھ دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىيفە. بۇ ئىككى ئىمامىمىز ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن سەنەدىنىڭ سەھىھ بولۇشىغا سەلەپلەر ئەمەل قىلغان بولۇش، مەنىسى قۇرئان ۋە باشقا ھەدىسلەرگە، شەرىئەتنىڭ ئومۇم روھىغا ئۇيغۇن بولۇش، رىۋايەت قىلغۇچىسى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ ئەكسىچە پەتىۋا بەرمىگەن بولۇش، رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە ئەمەل قىلغان بولۇش قاتارلىق شەرتلەرنىمۇ قوشقان. ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتى ئىشەنچلىك ھەدىسشۇناس، فەقىھ مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئەتتەبباغ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىپ ساغلام يېتىپ كەلگەن، ئەمما ساھابىلاردىن بىرەرسىنىڭ بولسىمۇ ئەمەل قىلغانلىقى ساغلام يەتمىگەن ھەر قانداق ھەدىسنى تەرك ئەت!»[4]. ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇددەرداغ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سوئال سورالسا، جاۋاب بېرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا: بىزگە سېنىڭ جاۋابىڭنىڭ ئەكسىچە ھەدىسلەر كەلدى دېيىلسە، ئەبۇددەرداغ: ئۇنى مەنمۇ ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەمەل قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم، دەپ جاۋاب بېرەتتى»[5]. بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن. ھەتتا ئىمام مالىك ئۆزى «الموطأ» دا رىۋايەت قىلىپ، ئەمەل قىلمىغان ھەدىسلەردىنمۇ يەتمىشتەك ھەدىس بار. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر ھەدىسلەر رىۋايەت جەھەتتىن سەھىھ بولسىمۇ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم سەھىھلىك شەرتلىرى تولۇقلانمىغان ياكى ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدىكى مەلۇم قائىدىلەرگە زىت كەلگەن[6].

بىر قىسىم سەنەدى سەھىھ ھەدىسلەرنى رەت قىلىش مۇتەئەسسىپلىك بولسا، ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن

[4] خەتىب باغدادىي: «الفقيه والمتفقه»، «دار ابن الجوزي» نەشرىياتى-سەئۇدى ئەرەبىستان، ھ1421-يىل، 2-نەشرى،1-توم، 354-بەت.

[5] قازى ئىياز: «ترتيب المدارك وتقريب المسالك»، 1-توم، 46-بەت.

[6] بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتاب ۋە ئىلمىي رىسالىلەر يېزىلغان. ئۆرنەك ئۈچۈن تاھا يەھيا جۇبۇرىي يازغان «الأحاديث التي رواها الإمام مالك في موطئه ولم يعمل بها» (ئىمام مالىك ‹الموطأ› دا رىۋايەت قىلىپ ئەمەل قىلمىغان ھەدىسلەر) ناملىق كىتابقا مۇراجىئەت قىلىڭ.

مالىكىيلەر مۇتەئەسسىپمۇ؟ ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، شافىئىيلارمۇ بىر قىسىم ھەدىسلەرنى مەلۇم قائىدە دەلىللەر سەۋەبىدىن رەت قىلغان. ئۇلارمۇ مۇتەئەسسىپمۇ؟ تارىختىن بىرى ئۇلارنى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئەيىبلەپ باققان بىرەر ئالىم بارمۇ؟

ئۇنداقتا، «مۇتەئەسسىپ» سۆزىنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىسى نېمە؟

«مۇتەئەسسىپ» سۆزى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىمىزغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، تىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغان.

«مۇئەتەسسىپ» سۆزى «تَعَصّب» سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، يىغىلماق، توپلانماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «عِصابة، عُصبة» سۆزلىرى گۇرۇھ، جامائەت، توپ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. سۇنۇق ئەزالار تېڭىلىدىغان بىنتىمۇ «عِصابة» دېيىلىدۇ. چۈنكى بىنىت سۇنغان ئەزا ئۈستىگە قاتمۇقات تېڭىلىدۇ. دېمەك، «مۇئەتەسسىپلىك» سۆزى ئەرەب تىلىدا توپلانماق، غۇژمەكلەشمەك، گۇرۇھلاشماق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

مەشھۇر تىلشۇناس ئىبنى مەنزۇر «مۇتەئەسسىپ» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: « مۇتەئەسسىپلىك - ھەق بولسۇن، ناھەق بولسۇن جامائىتى تەرەپتە تۇرۇش، جامائىتىنى قوللاشقا چاقىرىش؛ توپلانماق، يىغىلماق مەنىسىدە كېلىدۇ»[7].

ئىبنى مەنزۇرنىڭ سۆزىدىن ئايان بولىدۇكى، «مۇئەتەسسىپلىك» نوقۇل سەلبىي مەنىدىكىلا سۆز ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى توپلىنىش، ئۇيۇشۇش مەنىسىدە بولۇپ، ھەقىقەت ئۈستىگە ئۇيۇشۇشقا ئىشلىتىلسە، ئىجابىي مەنە، باتىل ئۈستىگە ئۇيۇشۇشقا ئىشلىتىلسە، سەلبىي مەنە ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھەدىس شاھىتتۇر.

فەسىيلە ئىسىملىك ئايال مۇنداق دەيدۇ: «مەن دادامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: مەن ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! كىشىنىڭ ئۆز قەۋمىنى ياخشى كۆرۈشى مۇتەئەسسىپلىككە كىرەمدۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-ياق،لېكىن قەۋمىنى ناھەق ئىشلاردا قوللىشى مۇتەئەسسىپلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەردى[8].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىڭلار گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا قەۋمىنى مۇداپىئە قىلغان كىشىدۇر»[9].

مۇتەئەسسىپ سۆزىنى ئالىملار ئىجابىي مەنىدىمۇ قوللانغان. ئىمام زەھەبىي قارى ئەبۇل ھەسەن مۇھەممەد ئەررازى ئەششافىئىينى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇ سۈننەت مۇتەئەسسىپى، ئەھلى سۈننەت

[7] ئىبنى مەنزۇر: «لىسانۇل ئەرەب»، دارۇسسادىر نەشرىياتى - بېيرۇت، 3- نەشرى، 1-توم، 606 - بەت.

[8] «مۇسنەد ئەھمەد»، 16989-نۇمۇرلۇق ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت قاتارلىقلار تەھقىقلىگەن ۋە «ھەسەن»،- دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇي شەيبە، ئىبنى ماجە، تەيالىسىي قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

[9] «سۇنەن ئەبي داۋۇد»، 5120-نۇمۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد: زەئىپ،-دېگەن.

ياردەمچىسى ئىدى»[10]. دارۇقۇتنىي ئەبۇ ئەلىي ئەسسەففارنى سۆپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىشەنچلىك، سۈننەت مۇتەئەسسىپى ئىدى»[11]. ئۇنداق بولغانىكەن، ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى دەپ ئاتالغان تۆت فىقھىي مەزھەپ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش سەلبىي مەنىدىكى «مۇتەئەسسىپلىك» دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. بەلكى ھەقىقەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش بولۇپ، ياخشى ئىش ھېساپلىنىدۇ.

ئاتالغۇلارنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى بىلەن لۇغەت مەنىسى ئارىسىدا مەلۇم جەھەتتىن باغلىنىش بولىدۇ. «مۇتەئەسسىپلىك» سۆزى لۇغەت جەھەتتىن مۇتلەق سەلبىي ياكى ئىجابىي سۆز بولمىغانىكەن، ئىستىلاھ جەھەتتىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن فىقھىي ئىستىلاھتا بۇ ئاتالغۇ سەلبىي مەنىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا بىز تۆۋەندە سەلبىي مەنىدىكى «مۇتەئەسسىپلىك» سۆزىنىڭ تەبىرى ۋە مەنىسىنى يورۇتۇشقا تىرىشىمىز.

## ئالىملارنىڭ «مۇتەئەسسىپلىك»كە بەرگەن تەبىرلىرى:

پەخرۇلئىسلام بەزدەۋى مۇنداق دەيدۇ: «مۇتەئەسسىپلىك نادانلىق ۋە باشقا مەزھەپ ساھىپلىرىغا ناچار مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتىشتۇر»[12].

ئەللامە تەفتازانىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇتەئەسسىپلىك ئوچۇق-ئاشكارا دەلىل تۇرۇپ، باشقا تەرەپكە ئېغىپ كېتىش ۋە ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتۇر»[13].

ئەللامە ئىبنى فەررۇخ مۇنداق دەيدۇ: «مۇتەئەسسىپلىك مەزھىپىنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن ھاۋايى -ھەۋەسكە مايىل بولۇش، باشقا ئىمام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى كەمسىتىشتۇر...»[14].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، مۇتەئەسسىپلىك ئوچۇق - ئاشكارا دەلىلنى قوبۇل قىلماسلىق، مەزھىپى ۋە قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلمىيلىكتىن چەتنەش، قارشى مەزھەپ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى كەمسىتىش، ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش ۋە ھاقارەت قىلىشتۇر.

يۇقىرىقى تەبىرلەردىن مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئالامەتلىرى:

1. ئوچۇق - ئاشكارا دەلىلنى قوبۇل قىلماسلىق.

بىز باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ نۇقتىدا «ئوچۇق دەلىل»نىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىمىز لازىم. بىر قىسىم دەلىللەر ئىختىلاپلىق

[10] زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 12-توم، 9-بەت.

[11] يۇقىرىقى كىتاب، 12-توم، 47-بەت.

[12] ئىبنى ئابىدىن: «العقود الدرية في تنقيح الفتاوى الحامدية»، «دار المعرفة» نەشرىياتى، **2-توم، 333-بەت.**

[13] سەئدۇددىن مەسئۇد ئىبنى ئۆمەر تافتازانى: «شرح التلويح على التوضيح»، 2-توم، 91-بەت.

[14] ئىبنى فەررۇخ: «القول السديد في بعض مسائل الاجتهاد والتقليد»، 46-بەت.

دەلىللەرگە تەۋە بولۇپ، سىز ئوچۇق دەلىل دېگەن نەرسە باشقىلارغا نىسبەتەن ئوچۇق دەلىل بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىراۋغا «ئوچۇق دەلىل»نى ئىنكار قىلدى دەپ مۇتەئەسسىپلىك قالپىقىنى كىيگۈزۈشتىن بۇرۇن، دەلىلنىم بىرلىككە كەلگەن دەلىلمۇ ياكى ئىختىلاپلىق دەلىلمۇ دېگەننى تەكشۈرۈش لازىم. كۆپلىگەن فىقھىي ئىختىلاپلار ئۇسۇل - قائىدە ئىختىلاپى بولغانلىقى ئۈچۈن سىزنىڭ «ئوچۇق دەلىل» دېگىنىڭىز باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «ئوچۇق دەلىل» بولماسلىقى، شۇ سەۋەبتىن باشقىلارغا مۇتەئەسسىپلىك قالپىقىنى خاتا كىيدۈرۈپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ مىساللىرى فىقھى، ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلىملىرىدىن خەۋىرى بار ھەربىر ئەھلى ئىلىمگە ئايان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋغا فىقھىي ئىختىلاپ سەۋەبىدىن مۇتەئەسسىپلىك قالپىقى كىيدۈرمەكچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ مەنتىقىسى، مەزھىپى بويىچە ئەمەس، قارشى تەرەپنىڭ مەنتىقىسى، مەزھىپى بويىچە، ئۆز قائىدىسى بىلەن ئۆزىنى مات قىلىپ، قوبۇل قىلمىغاندا ئاندىن كىيدۈرۈش لازىم.

2. مەزھىپىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلمىيلىكتىن چەتنەش.

بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىمامى ۋە مەزھىپىنىڭ پەزىلىتىنى ئىزھار قىلىش، مەزھىپىنىڭ قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ياكى قارشى مەزھەپ ۋە مەزھەپ ئىمامىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن يالغان ھەدىس، رىۋايەتلەرنى ئويدۇرۇش. بۇ مەزھەپ مەنسۇپلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر چۈشۈپ قالغان خاتالىقتۇر. لېكىن بۇ كۆپكۆك ئاسماندىكى قارا بۇلۇت كەبى ئوچۇق خاتالىق بولۇپ، ئاڭلىغان ھەر كىشى بىلەلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنداق كىشى پەقەت ئۆزىنى رەسۋا قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مەزھىپى، ئۇسۇل - قائىدىلىرىگە سالسا، سەھىھلىك شەرتلىرىگە چۈشمەيدىغان زەئىپ ھەدىسلەرنى سەھىھ قىلىشقا ئورۇنۇش، ئۆز مەزھىپىدە دەلىل دەپ قارالمايدىغان نەرسىلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشمۇ ئىلمىيلىكتىن چەتنىگەنلىك بولۇپ، مۇتەئەسسىپلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

2) ھەر خىل قاراش ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلىشنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلغان كىشىنىڭ كىتاب ياكى نۇتۇقلىرىدا قارشى تەرەپ ياكى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى تولۇق بايان قىلماسلىق ياكى كۈچلۈك دەلىللىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇش. چۈنكى، بۇمۇ ئىلمىيلىكتىن چەتنىگەنلىك، قارشى تەرەپكە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. ئەمما ئۆز مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنىلا بايان قىلىشنى ئۆلچەم قىلىپ يېزىلغان كىتابلار، سۆزلەنگەن تەبلىغلەر، بېرىلگەن پەتىۋالار مۇتەئەسسىپلىك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

3. ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى قەتئىي مەسىلىلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىش.

بۇ ئاساسەن دەۋرىمىزدىكى «شەيخ ۋەكالەتچىلىرى»دە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇلار «فقه الراجح» (كۈچلۈك قاراش فىقھىسى) دېگەن نەرسىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ. «كۈچلۈك قاراش» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ شەيخلىرى پەرقلىق قاراشلار ئارىسىنى تەرجىھ (كۈچلەندۈرۈش) قىلىشتا ھېچقانداق فىقھىي، ئۇسۇلىي قائىدىلەرگە ئاساسلانمايدۇ، مۇقىم، مۇنتىزىم قائىدە - پىرىنسىپى بولمايدۇ. كاتتا مۇجتەھىد ئىماملار ئارىسىدا قەدىمدىن بېرى ئىختىلاپ بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئۇلارنىڭ كۈچلەندۈرۈشى بىلەن ئىختىلاپلىق مەسىلە دائىرىسىدىن چىقىپ، ئىختىلاپسىز، قەتئىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلەندۈرۈشىنى قوبۇل قىلمىغانلار مۇتەئەسسىپ، مەزھەپچى، سۈننەتكە قارشى چىققۇچى بولىدۇ. بۇلار «مەزھەپچى» سۆزى بىلەن «مۇتەئەسسىپ» سۆزىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. بۇلارنىڭ مۇقىم، مۇنتىزىم، مۇستەقىل ئۇسۇلۇل فىقھىسى، قائىدە - پىرىنسىپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يولى، بايرىقى، شوئارى (كۈچلۈك قاراش فىقھىسى، دەلىل نەدە بولسا، بىز شۇ يەردە شوئارى) بىر تۈرۈپ ئارىسىدا ئىختىلاپ تۈگىمەيدۇ. ئىختىلاپ سەۋەبلىرىنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن قارشى پىكىردىكىلەرگە ئاسانلا بىدئەتچى، ئازغۇن، دىننى بۇرمىلىغان دېگەندەك قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما مەزھەپ ساھىپلىرى بولسا، بۇلاردىن پەرقلىق بولۇپ، مۇستەقىل ئۇسۇلۇل فىقھىسى، فىقھىي قائىدىلىرى، نۇرغۇن مۇجتەھىد ئالىملىرىنىڭ ئىجتىھادى، ئەقىل سەمەرىسى بىلەن شەكىللەنگەن فىقھىي مەزھىپى بولىدۇ. خىلمۇخىل قاراشلارنى بىر - بىرىدىن كۈچلەندۈرۈشتە ئىمامى ۋە مۇجتەھىدلىرى تەرىپىدىن شەكىللەنگەن مۇنتىزىم مېتودى بولىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ مېتودقا ئۇيغۇن كەلگەن قاراشنى تەرجىھ قىلىدۇ. ئۆزى توغرا دەپ قارىغان قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ، تۇراقسىزلىق، سۇيۇقلۇق، مەۋقەسىزلىك قىلمايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى خاتا دېيدۇ-يۇ، ئازغۇن، مۇتەئەسسىپ، بىدئەتچى نامىلىرى بىلەن ئاتىمايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ مەزھىپى ۋە مېتودىغا ئاساسەن بولىدۇ. بىر مەزھەپ ئارىسىدا ئىختىلاپ ئاساسەن ئاز بولىدۇ. بۇلاردا ئىجماﺋ دەيدىغان، بۆسۈپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان مۇستەھكەم قورغان بولىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئىجمائىغا قارشى گەپ قىلمايدۇ. ئەمما «فقه الراجح»، «دەلىل نەدە بولسا، بىز شۇ يەردە»چىلەرنىڭ بولسا، ئىجماﺋ بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى دەلىل نەگە ئاپارسا، شۇ يەرگە بارىدۇ. ئىسلام تارىخىدا ھېچكىم دەپ باقمىغان قاراشلارنىمۇ دەۋرىدۇ. خۇددى بىرىنىڭ ئىككى رەكئەت نامازدا 26 پەرز بار دېگىنىدەك. زاۋۇت ۋە شىركەت ۋەكالەتچىلىرى ئۆزى ۋەكىل بولغان زاۋۇت، شىركەتلەرنىڭ ماللىرىنى ۋەكالەتچىلىكىنى ئالغان رايونلارغا تارقىتىشنى كۆتۈرە ئالغانغا ئوخشاش «شەيخ ۋەكالەتچىلىرى»مۇ ئۆزى «بىردىنبىر ساغلام، نىجاتلىق يولى» دەۋالغان شەيخىنىڭ پىشمىغان، خام قاراشلىرىنى ئۆز خەلقى ئارىسىغا

تارقاتماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ مىجەزى چۇس، كەسكىن، باشقىلارنى ئازغۇن يولدا دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ناھايىتى كەسكىن بولىدۇ، ھەرخىل بەتنام، بەتسۈپەتلەر بىلەن ئەيىبلىگىلى ئاران تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى شۇ يەردىكى، ئۆزى ۋەكىل بولغان «مەھسۇلات»نى ئالمىغانلارغا ھاقارەت قىلىدۇ، ئەھلى سۈننەتتىن چىقىرىدۇ، ئازغۇن، بىدئەتچى دېگەندەك ھەر خىل بەتناملار بىلەن سىپىستىشقا ئورۇنىدۇ.

4. مەزھىپى، ئىمامى ۋە شەيخلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى، كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى ئەھلى سۈننەتنىڭ، توغرا يولدا ئىكەنلىكىنىڭ شەرتى قىلىۋېلىش. مۇھەببەت، نەپرىتىنى مەزھىپىگە قاراپ بەلگىلەش.

سالىھلار، ئالىملارنى ياخشى كۆرۈش ئىسلامنىڭ تەلىپى. لېكىن مۇئەييەن شەيخنى ياخشى كۆرۈشنى ساغلام ئەقىدىنىڭ بەلگىسى ۋە شەرتى قىلىۋېلىش مۇتەئەسسىپلىكتۇر. بۇ ئىللەت ئەسلىدە ئىماملىرىنى مەسۇم (خاتالاشمايدۇ) دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان شىئە قاتارلىق ئازغۇن پىرقىلەردە كۆرۈلەتتى. لېكىن بۇ ئىللەتنىڭ ئۆزىنى ئەھلى سۈننەت دەپ داۋا قىلىدىغان ئېقىملارغىمۇ سىڭىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت ئىللەتتۇر. مەن بىر قىسىم چوڭ ئەرەب شەيخلەر ۋە ئۇستازلارنىڭ ئاغزىدىن تالاي قېتىم : «شەيخ XX نىڭ يامان گېپىنى قىلغان ئادەم ياكى مۇناپىق ياكى نادان ياكى ئازغۇن» دېگەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىدىم. بۇ سۆزنى بىر قىسىم ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمدىنمۇ ئاڭلىدىم. ھەتتاكى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ «بىراۋنىڭ ساغلام ئەقىدىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساق، XX شەيخنىڭ كىتابىنى دەرس قىلامدۇ، ياقمۇ؟ شۇنىڭغا قارىساقلا بولىدۇ، دائىشنىڭ ئەقىدىسى ساغلام، توغرا يولدا ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى ئۇلار XX شەيخنىڭ كىتابلىرىنى دەرس قىلىدىكەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئىدىم. ئالىملارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئىززىتىنى قىلىش لازىم، ئەمما ئۆز شەيخلىرىنى ۋە ئۇستازلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى ساغلام ئەقىدە، توغرا يولدا ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى قىلىۋېلىش ئىلمىيلىكتىن چەتنىگەنلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكتۇر.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا بىرەر شەخسنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ئەھلى سۈننەتنىڭ، قارشى چىقىشنى ئەھلى بىدئەتنىڭ ۋە بۆلگۈنچىلەرنىڭ بەلگىسى قىلىۋالغان كىشى بىدئەتچى، ئازغۇن، بۆلگۈنچىدۇر»[15].

5. باشقا مەزھەپ ئىمامى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى چۈشۈرۈش ۋە ھاقارەتلەش.

باشقىلارنى چۈشۈرۈش، ھاقارەتلەش ئەخلاقسىزلىقتۇر. باشقىلارنى چۈشۈرۈش، ھاقارەتلەش ئۆچ - ئاداۋەتكە، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب

[15] ئىبنى تەيمىيە: «پەتىۋالار توپلىمى»، 3-توم، 347-بەت.

بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر، مەزھەپ ئىماملىرىنى ھاقارەتلەش، چۈشۈرۈش، ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش قىلمىشلىرى ئۈچ - ئاداۋەتكە سەۋەب بولۇپلا قالماي، ئېغىر پاجىئەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىمۇ تارىخ كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمدىن بېرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان تۆت مەزھەپ ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى بولغانىكەن، ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ ئىمامى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە ھاقارەت قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتىش، تىل تەگكۈزۈش، ئۇلارغا قارىتا قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق، نادانلىق، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەنلىك ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلىكتۇر، ئىلمىيلىك ۋە ئىلمىي ئەخلاقتىن چەتنىگەنلىكتۇر. بۇ ئىللەت بىر قىسىم كاتتا ئالىملاردىنمۇ سادىر بولۇپ قالغان. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن!

مۇتەئەسسىپلىك ئاللاھ ساقلاپ قالغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم خالىي بولالمايدىغان، ئىنسان يارىتىلغاندىن بېرى مەۋجۇت ئىللەتتۇر. كىشىنى بىر، ئىككى قېتىم مۇتەئەسسىپلىك ئالامەتلىرى تېپىلغانلىقى ئۈچۈن مۇتەئەسسىپ دەپ ئاتاش، مۇتەئەسسىپلىك قالپىقىنى كىيدۈرۈش توغرا ئەمەس. مۇتەئەسسىپ مۇتەئەسسىپلىك ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئالامەتلىرى كۆپ تېپىلىدىغان ئادەمدۇر. ئەللامە شاھ ۋەلىييۇللاھ دېھلىۋى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز (مۇتەئەسسىپ سۆزى) مۇتەئەسسىپلىك ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ھەقىقەت ئوچۇق-ئاشكارا تۇرسىمۇ يوشۇرۇپلا تۇرىدىغان كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى ئاندا-ساندا مۇتەئەسسىپلىك ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ھېچكىم خالىي بولالمايدۇ. ئاندا -ساندا مۇتەئەسسىپلىك كوچىسىغا كىرىپ قالىدىغان كىشىنىمۇ مۇتەئەسسىپ، يولسىز دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. بۇ خۇددى ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىدا «مۇنكەر ھەدىس» قوبۇل قىلىنمايدىغان ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، بىر، ئىككى تال «مۇنكەر ھەدىس» (رەت قىلىنغان ھەدىس)نى رىۋايەت قىلغان كىشىنىڭ «منكر الحديث» (ھەدىسى رەت قىلىنىدىغان كىشى) دەپ ئاتالمىغىنىدەك بىر ئىش. ھەدىسشۇناسلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «مۇنكەر ھەدىس» (رەت قىلىنغان) بولغان كىشىلەرنىلا «منكر الحديث» (ھەدىسى رەت قىلىنىدىغان كىشى) دەپ ئاتايدۇ...»[16].

خۇلاسە كالام، مەزھەپچىلىك مۇتەئەسسىپلىك ئەمەس، ھەم خاتا ئىشمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزھەپ تۇتقانلارنى مۇتەئەسسىپ نامى بىلەن ئاتاش توغرا ئەمەس.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئابدۇلئەھەد ھافىز

[16] شاھ ۋەلىييۇللاھ دېھلىۋى: «إبراز الغي»، 31-بەت.



# ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى

تاھىرجان ئاباس

ئۆلىمالار جەمئىيەتنى نۇرلاندۇرىدىغان پارلاق يۇلتۇزلاردۇر. ئۇلار ئارقىلىق مىللەتلەر قەد كۆتۈرىدۇ، مەدەنىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىگە ۋە مىللەتكە يۈزلەنگەن خىرىسقا قارىتا يېڭىچە ھەل قىلىش چارىسى تاپىدۇ. شۇنىڭدەك ياخشى شەخس، ياخشى ئائىلە، ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئىزدەش ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئەلالاشتۇرۇشنىڭ پىلان ۋە لايىھەلىرىنى تۈزىدۇ، ھەمدە ئۇلار مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە بىرلىكىنى كۈچەيتىدىغان، مىللەتنىڭ زامانغا، جاھانغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور ئىلھام بۇلىقى.

دەرھەقىقەت، جەمئىيەتنىڭ كېلەچىكى ئۆلىمالارنىڭ قولىدىدۇر. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ھەق - ناھەقنى كۆرسىتىش، ئىناقلىق ۋە مۇقىملىق ئېلىپ كېلىشتىكى تەسىرى ۋە ۋەزنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. مۇنداق بىر مەشھۇر سۆز بار: «ھەرنەرسىنىڭ قىممىتى يوقالغاندىن كېيىن بىلىنىدۇ». توغرا، ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى قولدىن كەتكەندىن كېيىن بىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئالىملارنىڭ قىممىتى ۋە رولىمۇ ئۇلار ئارىمىزدىن كەتكەندىن كېيىن بىلىنىدۇ. بەلكىم بىز بۇ كۈنلەردە جەمئىيىتىمىزدە كەملىكىنى ھېس قىلىۋاتقان بىردىنبىر نەرسە «تەقۋادار ئۆلىمالار» بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي تەقۋادار ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، خۇددى ماددىلارنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان خىمىيەلىك دورىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ دورا ئۆزىنىڭ قوغداش ئىقتىدارىنى يوقاتسا، شەيئىلەرنىڭ ئاسان بۇزۇلۇشى مۇقەررەر بولغىنىدەك، ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنىڭ بولماسلىقىمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ تاپتىن چىقىپ، بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «صِنْفَانِ مِنَ النَّاسِ إِذَا صَلَحَا صَلَحَ النَّاسُ وَإِذَا فَسَدَا فَسَدَ النَّاسُ، الْعُلَمَاءُ وَالْأُمَرَاءُ» (ئىنسانلار ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك ئادەم بولىدۇ. ئۇلار بۇزۇلسا، ئىنسانلار بۇزۇلىدۇ، ئۇلار تۈزەلسە، ئىنسانلار تۈزىلىدۇ. ئۇلار - ئالىملار ۋە باشقۇرغۇچىلاردۇر)[1].

[1] ئەبۇ نەئىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.



يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ مَثَلَ الْعُلَمَاءِ فِي الأَرْضِ كَمَثَلِ نُجُومِ السَّمَاءِ يُهْتَدَى بِهَا فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ فَإِذَا انْطَمَسَتِ النُّجُومُ يُوشِكُ أَنْ تَضِلَّ الْهُدَاةُ» «زېمىندىكى ئۆلىمالارنىڭ مىسالى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يول كۆرسىتىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، قاچانكى يۇلتۇزلار ئۆچسە توغرا يۆنىلىشتىكىلەرنىڭمۇ ئېزىپ كېتىشىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ»[2]. ئالىملار ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان سوۋغىسى. ئۇلار زۇلمەت كېچىنى يورۇتقۇچى چىراغقا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھىدايەت باشلامچىلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى. ئۇلار ئۈممەت دۇچ كەلگەن ھەر قانداق خاتا ئىدىيە ۋە ئازغۇن يوللارنىڭ زىيانلىق ئوقلىرىغا قارشى قالقان. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسرايدىغان دوختۇر. ئۇلار زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك ئالدىدا سۈكۈتنى بۇزىدىغان ھەقىقانىيەتچىلەردۇر.

خەلق ئادەتتە ئالىم – ئۆلىمالارغا ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئالىم – ئۆلىمالارنىڭ ئىلغار جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋە رولى چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم – ئۆلىمالارنىڭ تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە، مىللىي ۋە دىنىي مەدەنىيىتىمىزنى قوغداشتا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ تەتقىقات ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئالىم – ئۆلىمالار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇ جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىلغار جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا دىنىنىڭ ئورنى ۋە ئالىم – ئۆلىمالارنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى دىن جەمئىيەتنىڭ كىملىكى، ئەھلى ئۆلىمالار بولسا، شۇ كىملىكنى قوغدايدىغان پاسىبان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار ئۆز ئىلمىنى سۆيۈش بىلەن بىرگە ئىلىم - پەننىمۇ سۆيۈشى، گۈزەل سەنئەتنى قەدىرلىشى، تەپەككۈرى ۋە ھەرىكىتىنى ساپلاشتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەملەشكە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئىلىم – مەرىپەت ۋە قىممەت قاراشلارنى جەمئىيەتتە كەڭرى قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى، ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي

[2] مۇسنەد ئەھمەد، 12189-نومۇرلۇق ھەدىس.

ۋە باشقا پۈتۈن قىيىنچىلىقىغا قارىتا پوزىتسىيەسى ئېنىق ۋە كەسكىن بولۇشى كېرەك.

ئۆلىمالار كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى، جەمئىيەتتە تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، توقۇنۇش، پىتنە ئوتى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆچۈرۈشكە كۈچەش، شۇنىڭدەك ياخشى ئۇممەتلىك قىممەت قارىشى بويىچە باشقىلارغا نەمۇنىلىك رول ئويناشتۇر.

ئۆلىمالار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردىن يەنە بىرى، ئۇلار دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان ئىجابىي نەتىجىلەرنى يارىتىشى، بىخەتەرلىكنى بۇزىدىغان ۋە مالىمانچىلىقنى كېڭەيتىدىغان ئىشلارغا قارشى بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان قەلئە بولۇشى، ئىش بېشىدىكى رەھبەرلەرنى ياخشى ئىشلاردا قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، يامان ئىشلاردا كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈشى، ۋەتىنى ۋە خەلقىگە خىيانەت خەنجىرى بولۇپ قېلىشتىن ياكى يامان غەرەزلىك تاشقى كۈچلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

دىققەت قىلىدىغان بولساق، كۈنىمىزدە بىر ئەر ئىلىم ۋە كەسىپتە تەخەسسۇسلاشمىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەدەبىيات تەلقىنلىرى، دىنىي ۋە ئىلمىي ئۆلچەمگە توشمايدىغان پىلان - لاھىيەلىرى، قارىنى ئاق، ئاقنى قارا قىلىۋېتەلەيدىغان پىكىر بوھرانلىرى تور دۇنياسىدا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئالىم - ئۆلىمالىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بەلكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىلمەي تۇرۇپ بىلەرمەنلىك قىلىدىغان، بىلمەي تۇرۇپ بىلىشكە ئىنتىلگۈچىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان، ئانچە - مۇنچە بىرنەرسە بىلىۋېلىپ كۆپرەك بىلىشكە قىزىقمايدىغان، نامرات ۋە نادان تۇرمۇش رىجىلىرىگە ئېجىل ناباب شەخسىيەتلەر بولسا، يەنە بىر قىسمى تاجاۋۇزچى ۋە زالىم كۈچلەرنىڭ ياللانما تەتۈر تەشۋىقات زۇۋانىدۇر. تاجاۋۇزچى زالىملار بۇ تىپ شەخسىيەتلەرنى نوپۇزلۇق ئالىم ياكى بىلىملىك زىيالىي كۆرسىتىپ، تور دۇنياسىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ يالتىراق جازىسىنى پارلاق كۆرسىتىشكە، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، باتىلنى كۈچەپ بازارغا سېلىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.

بۇنىڭدەك تەتۈر تەشۋىقاتچى ۋە ساختا سۆلەت مىكىربازلارنىڭ لەنەتلىك شۆھرەت نامايەندىلىرىنى بايقاپ ھەزەر ئەيلەشتە، تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىپ، ئاۋام - خەلقنى ئۇلارنىڭ بىر قاتار غەيرى نۇرانە نەيرەڭلىرىدىن ساقلاپ قېلىشتا يەنە پاراسەتلىك ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

قەلب كۆزى ئويغاق ئەھلى ئۆلىمالاردىن بولۇشتا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىساق، نەپسىمىزنى پاكلاپ، روھىمىزنى ساغلاملاشتۇرمىساق بولمايدۇ. بولۇپمۇ،

دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرىنىڭ يولىدىن مېڭىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماسلىق تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا مىللەتلىرىگە نەمۇنىلىك ئۈممەت بولۇپ تاللانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شانۇشەۋكىتى ۋە ھەيۋىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياڭرىغان. ئۇلار شۇنداق ئۇلۇغ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدىكى، بىر كۈنى، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بۇلۇتلارغا قاراپ: «ئى بۇلۇت! خالىغان يېرىڭدە سۈيۈڭنى تۆككىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر كۈنى سەن سۇغارغان يەر مۇسۇلمانلارنىڭ تۇپرىقىغا ئايلىنىدۇ» دېگەن ئىدى.

تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا گىرېتسىيە ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىدگە تەھدىت سېلىپ خەت يوللىغان ئىكەن، خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا ئايرىم قەغەزگە جاۋاب يېزىشنى ئارتۇق كۆرۈپ، يوللانغان خەتنىڭ ئارقىسىغا: «ئاڭلىغانلىرىڭ ئەمەس، ئاخىرقى قېتىم كۆرگەنلىرىڭ مېنىڭ ئەسكەرلىرىم بولۇپ قالىدۇ» دەپ، قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ تەھدىت سالغۇچى كۇپپارلارغا قارشى ئاتلىنىپ، ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان.

ئۇلار ئۇ دەۋرلەردە دۇنيانىڭ خوجايىنى ۋە ياخشىلىقنىڭ نەمۇنىلىرى ئىدى. ئۇلار ئىلىم – پەن ۋە مەدەنىيەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى، تېبابەت ۋە باشقا ئىلىملەردىمۇ باشلامچى ئىدى ...ئەمما يېقىنقى بىرقانچە ئەسىردىن بېرى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەۋلادلىرى قانداق بولۇپ بۇ قەدەر پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىچىنماي تۇرالمايمىز، بىز مۇسۇلمانلار قانداق بولۇپ بۇنداق ئېغىر كۈنگە قالدۇق، قانداق بولۇپ پىكرىي جەھەتتىن پارچىلىنىپ كەتتۇق. قانداق بولۇپ دىنىي ئېتىقادىمىز بىسىمغا ئۇچرىدى، قانداق بولۇپ تۇپراقلىرىمىز پايمال قىلىندى، قانداق بولۇپ مىللىي مەدەنىيىتىمىز قىرغىن قىلىندى، قانداق بولۇپ ئار - نومۇسىمىز خورلاندى؟ قانداق بولۇپ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىمىز مۇستەملىكىچى كاپىرلارنىڭ پايدىلىنىدىغان ماتاسىغا ئايلىنىپ قالدى؟ قانداق بولۇپ خۇددى بىر شائىرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «**كالعيس في البَيْداء يقتلها الظما ... والماء فوق ظهورها محمول**» (گەرچە دۈمبىسىگە سۇ ئارتىلغان بولسىمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولغان تۆگىگە ئوخشايدۇ) دېگەن تۆگىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالدۇق؟

توغرا، مۇسۇلمان تۇپراقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىندى، ئاچكۆز ئىمپېرىيالىستلار كۆز تىكىدىغان، مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلار ئىنتىلىدىغان زېمىنغا ئايلاندى. بولۇپمۇ، ئالدىنقى ئەسىردە ئىنسانىيەتنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن ئىلىم - پەن ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن سوغۇق مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە، 1 – ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشى كېلىپ

چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا مىليونلىغان ئىنسانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، مىليونلىغان ئىنسانلار قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلەرگە دۇچ كەلدى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئاجىز مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن ئايرىلىپ قالدى. نەتىجىدە كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە جەمئىيەتتە ئاشقۇنلۇق، ئۆچمەنلىك، مىللەتلەر ئارا ئىرقچىلىق ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشى كېلىپ چىقتى. پەلەستىن زېمىنى ئىسرائىلىيە مۇستەملىكىسىگە، كەشمىر ھىندىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى، مۇقەددەس ۋەتىنىمىز غالجىر قىزىل كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. بۇ مۇقەددەس زېمىن ۋە تۇپراقلاردا نۇرغۇن بىگۇناھ مۇسۇلمان خەلقىنىڭ قېنى تۆكۈلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئاراكان، سۇرىيە، شەرقىي تۈركىستان ... غا ئوخشاش ئىسلام جۇغراپىيەلىرىدە زۇلۇملار ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئەپسۇسكى، ئىسلام تۇپراقلىرىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرۇۋاتقان قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى زېمىندا ئەمەس، خۇددى مارستا ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقاندەك، مۇسۇلمان زېمىنىدا يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇم – سىتەم ۋە قەتلىئاملارغا تولىمۇ بىپەرۋا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقى، ئامانلىقى، بولۇپمۇ ماقام - مەنسەپلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىدا سەممىي ئەمەسمۇ قانداق! ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يۈزلەنگەن مۇسىبەت ھەققىدە قۇلاقلىرى گاس، تىللىرى گاچا، شۇڭىمۇ ئۇلار كۈنىمىزدە بىز دۇچ كەلگەن زۇلۇم – سىتەملەرگە سۈكۈتتە تۇرماقتا، ھەتتا زالىمغا يانتاياق بولۇپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇم - سىتەملىرىگە ئورتاقلىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن قالماي، نومۇس قىلماستىن يەھۇدىيلار بىلەن «نورماللىشىش» مۇسابىقىسىگە كىرمەكتە...

بىز مۇسۇلمانلار قاچاندىن باشلاپ بۇنچىۋالا دۆتلىشىپ كەتتۇق؟ نېمە سەۋەبتىن تېخى يېقىنقى تارىخىمىزغىچە مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارنىڭ بارماق ئىشارىتىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدىغان كاپىرلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ئۇممەتكە ئايلاندۇق؟

بۇ خىل تىراگېدىيەلىك پاجىئەلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى بولغان ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ ۋارىسلىق رولىنى ھەقىقىي مەنىدە ئادا قىلىشىغا باغلىقتۇر. چۈنكى ئۆلىمالار خەلقنى ئىككى دۇنيالىق نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. قاچانكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم ئامانىتى ۋە ۋارىسلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىكەن، جەمئىيەتتە ئىبسەنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، مانا كۈنىمىزدىكىدەك، ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، خار – زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولىدۇ.

ۋەتىنىمىزدە ئىسلام نۇرى چاقنىغاندىن بېرى ئۆلىمالىرىمىز ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي قىممەت

قارىشىنى قوغداش يولىدا نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بېرىپ، ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بېشىمىزغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈلپەتلىك ئاپەتلەرنى ھېچبىر ئۇممەت ياكى مىللەت ھېس قىلالمايدىغان، تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى يۇرتىمىزنى غېرىبلىق بېسىپ، مۇدھىش زىمىستان ھۆۋلاشقا باشلىدى. دىنىي ئەقىدىمىز، مىللىي قىممەت قارىشىمىز دەپسەندە قىلىنىپ، نومۇسىمىز خورلاندى!

بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۈگۈن بىر مىللەتكە نىسبەتەن كىچىك ۋە ئاجىز بولسىمۇ مۇستەقىل بىر دۆلەتنى بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ بولسىمۇ تونۇپ يەتتۇق. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان بېرىش ھەربىر شەخسنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇڭىمۇ خەلقىمىز بۇ يولدا ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدىمەكتە، ئۇ پاجىئەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنماقتا، قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى تىكلىيەلەيدۇ ۋە مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرالايدۇ؟... بۇ ھەقتە جىددىي ئىزدەنمەكتە. لېكىن، بۇ سوراق بەلگىلىرىگە قارىتا ھەر خىل نەزەرىيە ۋە تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆز رىتىمىغا چۈشكىنى يوق. بىراق، بۇنىڭدا يەنىلا ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ رولى ۋە دادىللىقى، پاراسىتى ۋە پىداكارلىقى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. چۈنكى تارىختىن بېرى، بولۇپمۇ يېقىنقى تارىخىمىزغىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان ۋە بۇ يولدا مۇجادىلە قىلغانلار ئاساسەن ئەھلى ئۆلىمالار بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭدەك، يەتمىش نەچچە يىلدىن بېرى يەنە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ يەنە ئەھلى ئۆلىما ۋە دىنىي ئوقۇغۇچىلار بولۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ يولدا قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلدى، تۈرمىگە سولاندى، ھەتتا نۇرغۇنلىرى شېھىت قىلىندى. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كۈنىمىزدە يەنە ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار دىنىي ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىز بولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا، بىز ئەھلى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ئىزچىل ۋە سىجىل داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بۇنىڭدەك مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى سۇباتلىق بىلەن ئادا قىلىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالاردىن ياخشى كىم بار؟ چۈنكى تەقۋادار ۋە سەممىي ئالىم — ئۆلىمالىرىمىز ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. خەلق ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ ياخشى ئىشلاردا باشلامچى بولۇشىنى، ئالدىنقى سەپتە تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ئالىم بولغۇچىنىڭ زۇلۇم

ۋە ھەقسىزلىك ئالدىدا ھەقتە چىڭ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئالىملىق قەدرى قىممىتى ۋە شان - شەرىپىنى قوغداشتىكى ئەڭ چوڭ كوزىرى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ئۈممەت دەۋرىمىزدىكى ئەھمەد بىن ھەنبەللەرنى كۆرۈشنى خالايدۇ. مەلۇمكى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۆز زامانىدا تۈرمىدە تۇرۇپ: «ئى تاغا! ئەگەر ئالىم قورقۇپ ھەقنى يوشۇرسا، نادانلار نادانلىقىنى قىلسا، ھەقىقەت قاچان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟» دېگەن ئىكەن.

ئالىم – ئۆلىمالار ئەگەر ھەقىقەتنى سۆزلىمىسە، ئۇنداقتا ھەقىقەت قاچان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ كىم ھەقىقەتنىڭ ئاۋازى بولىدۇ؟ ئىلىم ئەھلى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالسا، بۇ خەلققە كىم يېتەكچى بولىدۇ؟ ئەگەر ئالىم – ئۆلىمالىرىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ ۋارىسلىرى تۇرۇپ، زۇلۇمغا، ھەقسىزلىككە سۈكۈت قىلسا، جاھالەتكە، نادانلىققا قارشى چىقمىسا، خەلق قانداق قىلىپ «سىراتى مۇستەقىم» گە قاراپ ماڭىدۇ؟ ئالدىنقى ئەۋلاد مۇجاھىد ئۆلىمالىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنى ئالىم – ئۆلىمالار سۆزلەپ بەرمىسە، يېڭى نەسىل ئەۋلادلىرىمىز ئۇلارنىڭ تارىخىنى نەدىن بىلىدۇ؟

ئى ئالىم – ئۆلىمالار! سىلەر ھەقىقەتنى ياقىلىغۇچىلار، ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچىلەر، بۇ خەلق سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇرىسىدە كۆتۈرسۇن، ئاللاھمۇ ئۆز ھۇزۇرىدا مەرتىۋەڭلارنى ئۈستۈن قىلسۇن، ھەققانىي ئاۋازىڭلار خەلقنى جاسارەتلەندۈرۈپ، كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالسۇن! كاپىرلار قانچە زالىم ۋە تەرسا بولسا، ھىممىتىڭلار شۇنچە ئۈستۈن، ئىرادەڭلار شۇنچە كۈچلۈك بولسۇن. بىلىڭلاركى، پايمال قىلىنغان ئىنساني ھەق - ھوقۇقىمىزنى ۋە قەدىر - قىممىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، خەلقنى خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا يېتەكلەيدىغان، بىزنى بارلىقىمىزدىن مەھرۇم قىلىپ، يېتىم قالدۇرغان زالىملارغا قارشى تۇۋلايدىغان، مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنىڭ خام خىيال ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلايدىغان پەيت كەلدى...

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئوبۇلقاسىم ھاجىم



# تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئورنى

مۇھەممەد يۈسۈپ

تەۋھىد - ئاللاھ تائالانى يېگانە ياراتقۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنى ھېچكىمگە ئوخشاتماسلىق دېگەنلىكتۇر.

تەۋھىد ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: تەۋھىد رۇبۇبىيە، تەۋھىد ئۇلۇھىيە ۋە تەۋھىد ئەسما ۋە سىفاتتۇر.

تەۋھىد رۇبۇبىيە - ھەممىنىڭ رەببى بىرلا ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش دېمەكتۇر.

تەۋھىد رۇبۇبىيە - ئاللاھ تائالانى يارىتىش، رىزىق بېرىش، كائىناتنى ئىدارە قىلىش، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش قاتارلىق بارلىق ئىشلاردا يەككە - يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيل﴾ (ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممە نەرسىنى قوغداپ تۇرغۇچىدۇر)[1].

تەۋھىد ئۇلۇھىيە - ئەمەل - ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ﴿إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدۡنِي﴾ (مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن. مەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا قۇلچىلىق قىلغىن)[2].

تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات - ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىق، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانى ھېچبىر شەيئىگە ئوخشاتماسلىق دېمەكتۇر. (لَيۡسَ كَمِثۡلِهِۦ شَيۡءٞ) (ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر)3.

## تەۋھىدنىڭ ئەھمىيىتى

تەۋھىد ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ جەۋھىرى، ساماۋى دىنلارنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلىدۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن تەۋھىدكە چاقىرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى 13 يىللىق دەۋىتىمۇ پەقەت كىشىلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىشقا مەركەزلەشكەن. ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ﴾ ((ئى پەيغەمبەر!) سەندىن

[1] زۇمەر سۈرىسى: 62 - ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى: 14 - ئايەت.

[3] شۇرا سۈرىسى: 11 - ئايەت.

ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ‹مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، ماڭىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار› دەپ ۋەھيى قىلدۇق»[4].

ئۆلىمالار دەيدۇكى، تەۋھىد - ئىلىمنىڭ بېشى ۋە ئەڭ ئاخىرىدۇر. چۈنكى، مۆئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتى تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

## تەۋھىدنىڭ پايدىسى

تەۋھىدنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى بۇ دۇنيادا توغرا يول تېپىش، ئاخىرەتتە ئازابتىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ﴿ٱلَّذِينَ آمَنُوا۟ وَلَمْ يَلْبِسُوٓا۟ إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ (ئىمان ئېيتىپ، ئىمانىغا زۇلۇم (شېرىك) ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە كەلسەك، (ئازابتىن) ئەمىنلىك ئەنە شۇلارغا خاستۇر. ئۇلار توغرا يولنى تاپقۇچىلاردۇر)[5].

تەۋھىدسىز ئېيتىلغان ئىمان ۋە قىلىنغان ئەمەل - ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ!

ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەردىن يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك تەۋھىدكە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۆئمىن مۇشۇ ئۈچ

[4] ئەنبىيا سۈرىسى: 25 - ئايەت.
[5] ئەنئام سۈرىسى: 82 - ئايەت.

تۈرلۈك تەۋھىدكە ئېتىقاد قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش بىلەنلا مۆئمىن بولالايدۇ. چۈنكى، ئىبلىسنىڭمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا «ئى رەببىم!» دەپ ئىلتىجا قىلغان. ﴿رَبِّ فَأَنْظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ (ئى رەببىم! ئۇنداقتا، سەن ماڭا (ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرسەڭ)[6]. مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ﴾ (ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) كىم بويسۇندۇرۇپ بەردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ)[7]. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىبلىس بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى - ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى - ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغان بەندىلىرىنى ئازابلىماسلىقتۇر»[8]. دېمەك، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، خالىس ئىبادەت قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ.

[6] ساد سۈرىسى: 79- ئايەت.
[7] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 61- ئايەت.
[8] ئىمام بۇخارىي. 5967- ھەدىس. ئىمام مۇسلىم، 30- ھەدىس.

## تەۋھىد تەقەززا قىلىدىغان ئىشلار

ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىماسلىق. ﴿قُلْ أَغَيْرَ اللَّهِ أَبْغِي رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيْءٍ﴾ (ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ رەببى تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا رەب ئىزدەمدىمەن؟)[9]. بىراۋ ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى سىرتىدا كىشىلەرگە تىلىگەنلىرىنى بېرەلەيدۇ، مەنئى قىلالايدۇ، ئۇلارنى ئەزىز ۋە خار قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ﴿ قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ (ئېيتقىنكى، «ئى پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ! سەن خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن. ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. شەكسىزكى، سەن ھەممىگە قادىرسەن)[10].

ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى ئاللاھ تائالانى سۆيگەندەك سۆيمەسلىك. ﴿قُلْ أَغَيْرَ اللَّهِ أَتَّخِذُ وَلِيًّا فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىگەم دەۋالسام بولامتى؟)[11]. ﴿وَالَّذِينَآمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ﴾ (ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ)[12]. ئاللاھ تائالانى

[9] ئەنئام سۈرىسى: 164- ئايەت.

[10] ئال ئىمران سۈرىسى: 26- ئايەت.

[11] ئەنئام سۈرىسى:14- بەت.

[12] بەقەرە سۈرىسى: 165- ئايەت.



دۇنيادىكى ھەممە سۆيگەنلەردىن بەكرەك سۆيمىگۈچە ئىمان تولۇقلانمايدۇ. شۇڭا مۆئمىن ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھ سۆيگۈسى بارلىق سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇشى لازىم.

ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغاندەك ئىتائەت قىلماسلىق. ﴿أَفَغَيْرَ اللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ إِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلًا﴾ ((ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرگە (ھەقىقەتنى) ئوپئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغان زات تۇرسا، مەن ئاللاھتىن باشقا ھۆكۈم قىلغۇچىنى ئىزدەمدىمەن؟)[13]. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن ئاللاھ تائالادىن قورققاندەك قورقۇش، ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىگە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغاندەك ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. چۈنكى، ھەممىدىن بەك قورقۇلۇش ۋە ھەممىدىن بەك ئىتائەت قىلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، بۇ ھەقنى باشقىلارغا ئاتىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ.

## تەۋھىدنىڭ مېۋىسى

تەۋھىد - بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن، بارلىق قورقۇشلاردىن ۋە خۇراپاتلاردىن ئازاد بولۇش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى يەككە - يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن قورقمايدۇ، توغرا ئېتىقاد سايىسىدا بارلىق خۇراپاتلاردىن ئازاد بولىدۇ. تەۋھىد مۆئمىن ئادەمنىڭ دىلىنى خاتىرجەملىككە ۋە ئامانلىققا تولدۇرىدۇ. تەۋھىد مۆئمىن ئادەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ كەرەملىك ۋە ھېكمەتلىك بىر زاتقا تايانغانلىقى ئۈچۈن، قەلبى كۈچ - قۇۋۋەتكە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان بولىدۇ. ﴿وَإِنْ يَمْسَسْكَ اللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُ إِلَّا هُوَ وَإِنْ يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَادَّ لِفَضْلِهِ يُصِيبُ بِهِ مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ (ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتىن باشقا ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوقتۇر، ئەگەر (ئاللاھ) ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىنى قايتۇرۇۋەتكۈچى يوقتۇر. ئاللاھ مەرھەمىتىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر)[14].

## تەۋھىدنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاش لازىم

ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغىنى تەۋھىدنى ياخشى بىلىپ ئېتىقاد قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تەۋھىد ئېتىقادى بويىچە ياشاش ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تەۋھىد ئەقىدىسى، تەۋھىد چۈشەنچىسى ۋە تەۋھىد تەقەززاسى بىلەن ئىش كۆرۈشتۇر. ساھابىلەر تەۋھىدنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ۋە

[13] ئەنئام سۈرىسى: 114- ئايەت.

[14] يۇنۇس سۈرىسى: 107- ئايەت.

چۈشەنگىنىگە ئەمەل قىلغان ئىدى.

## كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى

مىلادىيە 630- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زور قوشۇن بىلەن تەبۇك غازىتىغا ھازىرلىنىدۇ. بۇ ياز كۈنلىرى بولۇپ، ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ ھوسۇللىرىنى يىغىش ۋاقتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبۇك بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقى 683 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھازىر ئاپتوموبىل بىلەن 6 سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆتمۈشتە ئات، ئۇلاغلار بىلەن نەچچە ئايلىق يول ئىدى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، مۆئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ تەبۇك غازىتىغا ھازىرلاندى. ئەمما مۇناپىقلار تۈرلۈك يالغان ئۆزرىلەرنى كۆرسىتىپ غازاتقا چىقمىشتىن قېلىپ قالدى. ئاز ساندىكى مۆئمىنلەرمۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قېلىپ قالدى. بۇ قېتىمقى غازاتتىن قېلىپ قالغانلار ئىچىدە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا 80 دىن كۆپرەك مۇناپىق يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئاقلاپ چىققان بولدى، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە لايىق بولدى. ئەمما

الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ

وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ

وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يالغان ئېيتمىدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتى.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ قىسسىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىققان غازاتلاردىن تەبۇك غازىتىدىن باشقا ھېچبىر غازاتتىن قالمىغان ئىدىم. بەدرى غازىتىغا قاتنىشالمىدىم. بىرەركىشىمۇ مېنى جىھادقا چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن كايىغان ئەمەس. مەن تەبۇك غازىتىغا چىقمىشتىن قېلىپ قالدىم. ھالبۇكى، مېنىڭ ئۆزرەم يوق ئىدى، شارائىتىممۇ يار بېرەتتى، ئىككى ئۇلىغىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن باشقا قانداقلا بىر غازاتقا چىقماقچى بولغىنىدا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن بىزگە باشقا تەرەپنى ئېيتاتتى. ئەمما تەبۇك غازىتى ئېنىق ئېلان قىلىنغان ئىدى. كۈن قاتتىق ئىسسىق، دۈشمەن بىزدىن كۈچ ۋە سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئارتۇق، سەپەر بەكمۇ يىراق ئىدى. مەن بۇ غازاتقا چىقىشقا تەييارلىقمۇ كۆرۈپ قويغان ئىدىم. ئەمما چىقمىدىم. ئىچىمدە: ‹مەن بۇ جىھادقا چىقىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئەجەب چىقمىدىمغۇ؟› دەيدىغان بىر غۇم داۋاملىق مېنى ئازابلاپ كەلدى. باشقىلار غازات قىلدى، ئەمما مەن بۇ غازاتقا چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم ۋە ئۆزۈمنى كېسەلچانلار، ياشانغانلار ۋە ئۆزرىلىكلەر قاتارىدىن ساناپ قالدىم. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ

ئالدىغا نېمە دەپ چىقىشىمنى ۋە ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلىق گۇناھىمنى قانداق يالغان ئۆزرىلەر بىلەن ئاقلىشىمنى بىلمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت غازاتتىن قايتىپ كەلگىنىدە، ئالدى بىلەن مەسجىدكە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن جامائەتكە يۈزلىنىپ سۆھبەتلىشەتتى. جىھادقا چىقمىغانلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزرىلىرىنى بايان قىلىشقا باشلايتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ يالغان ئۆزرىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئايان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن نېمە ئۈچۈن غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقىمنى سورىدى. مەن دېدىم: ‹يا رەسۇلۇللاھ! مەن سۆزگە ئۇستا بىر ئادەممەن. ھازىر سىلىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئالدىدا بولغان بولسام، ئەلۋەتتە يالغان ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى قايىل قىلاتتىم. ئەمما سىلىنى قايىل قىلىمەن دەپ يالغان ئېيتسام، ئاللاھ بۇنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىم تۇرغانلا گەپ. سىلىگە راست گەپ قىلىپ، ئۆزرىسىز تۇرۇپ غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقىمنى دېسەم، سىلى ماڭا ئاچچىقلىنىلا. مەن ئەمدى ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. مېنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىمغا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى، چىقسام ئەلۋەتتە چىقالايتتىم، ئەمما چىقمىدىم› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بۇ راست گەپ قىلدى› دېدى ۋە ‹ئورنۇڭدىن تۇر! سېنىڭ ئىشىڭنى ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ› دېدى. مەن تۇرۇپ كەتتىم ۋە مەن بىلەن يەنە ئىككى كىشىمۇ بار ئىدى، ئۇلارغىمۇ شۇنداق دېدى. ئۇلارنىڭ بىرى، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە، يەنە بىرى، مەرارە ئىبنى رەبىئ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ بىزگە سۆز قىلىشىنى مەنئى قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىزگە قارىمايدىغان بولدى. مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم مالامەت قىلىشقا باشلىدىم. زېمىن بىزگە تار كەلدى. بۇ ھالەتتە 50 كۈن تۇردۇق. ئىككى سەپدىشىم ئۆز ئۆيلىرىدە بولۇپ، يىغلاش ۋە پۇشايمان قىلىش بىلەن ئۆتتى. مەن ھەر كۈنى مەسجىدكە چىقىمەن، بازارلارغا بارىمەن. ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسلىرىگە بېرىپ سالام بېرىمەن، ماڭا بىرەرسى ئاغزىنى مىدىرلىتامدۇ يوق دەپ قاراپ تۇرىمەن. ئەمما ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ، سالامىمۇ قىلمايدۇ. 40 كۈن بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاياللىرىمىزدىن يىراق تۇرۇشىمىز ھەققىدە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايالىمنى ئائىلىسىگە ئەۋەتتىم. سەپداشلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. مەن 10 كۈن يالغۇز قالدىم. بىر كۈنى بامدات نامىزىدا ئىدىم. جامائەت ئەتراپىمنى ئورىۋالدى ۋە ھەممىسى ئاللاھنىڭ مېنى ئەپۇ قىلغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى قىزغىن تەبرىكلىدى»[15].

مانا بۇ تەۋھىدنىڭ ئەمەلىي ھاياتتا تەتبىقلىنىشى بولۇپ، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا تەۋھىد ئەقىدىسى كۈچلۈك بولمىغان بولسا

[15] «تفسير الطبري»، 14-توم، 548-556-بەت.

ئىدى، ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن يالغان ئۆزرە ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىدا ئاقلىنىپ چىققان بولاتتى. ئەمما ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن ئەمەس، ئاللاھ تائالا بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى، ھېسابنى ئاللاھ تائالاغا بېرىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قەتئىي يالغان سۆزلىمىدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاسىتە مەغپىرىتىگە سازاۋەر بولدى.

## ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەر قېتىم غازاتقا چىقماقچى بولسا، ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلايتتى، چەك قايسى ئايالغا چىقسا، شۇنى غازاتقا بىرگە ئېلىپ چىقاتتى. ھىجرىيەنىڭ 6 - يىلى يۈز بەرگەن بەنى مۇستەلىق غازىتىغا چىققاندا، شۇ تەرىقىدە چەك تاشلاپ، ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانى بىرگە ئېلىپ چىققان ئىدى. غازاتتىن قايتىشتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قەۋمنىڭ مەھەللىسىگە چۈشۈپ، بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردۇ. شۇ ئەسنادا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئىسلام قوشۇنىدىن يىراقراق بىر جايغا ھاجەت قىلغىلى كېتىپ قېلىپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە قولىدىكى ئۈزۈكىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۇ جايغا يەنە قايتا كېتىپ قالىدۇ. بۇ ئارىدا ئىسلام قوشۇنى يولغا راۋان بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ كاجۋىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچىلار، كاجۋىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ يوقلۇقىنى بىلمەستىن قۇرۇق كاجۋىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ناھايىتى ئورۇق ۋە كىچىك بىر قىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ھېس قىلىنمايتتى. بۇ سەۋەبتىن كاجۋىنى كۆتۈرگەنلەر كاجۋىدا ئۇنىڭ يوقلۇقىنى سەزمىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها قايتىپ كەلگەندە ئىسلام قوشۇنى بۇ جايدىن قوزغىلىپ بولغان ۋە ھېچكىم قالمىغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها قوشۇندىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ كاجۋىدا يوقلۇقىنى بىلىپ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ جەرياندا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ. قوشۇننىڭ ئادىتى بويىچە ھەربىر سەپەردە بىرەر ئادەم كەينىدە قېلىپ قوشۇن ئىچىدىكىلەر ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەرنى يىغىپ ماڭاتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئىسلام قوشۇنى ئىچىدىكىلەردىن سەفۋان دېگەن كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، بىرىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئاندىن ئۇنى سىلىق ئويغىتىپ تۆگىگە مىندۈرىدۇ ۋە ئۆزى يېتىلەپ ئىسلام قوشۇنى چۈشكەن ئىككىنچى قوناق جايغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر ئىچىدە مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلمۇ بار ئىدى.

بۇ مۇناپىق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆرۈپلا ئىغۋا تارقىتىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن سەفۋان ئىككىسىگە تۆھمەت چاپلاشقا باشلايدۇ. بەزى مۇئمىنلەرمۇ بۇ مۇناپىقنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشىنىپ كېتىدۇ.

سەفۋان ساھابىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قانچە قېتىم غازاتلارغا قاتناشقان، ھىجرىيەنىڭ 17- يىلى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا ئەرمەنلەر بىلەن بولغان غازاتتا شېھىت بولغان.

ئىسلام قوشۇنى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېسەل بولۇپ بىر ئايغىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. تۆھمەتخورلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمايدۇ. كېسەلدىن ئەمدى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەندە، مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق تارقاتقان ئىغۋالىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ ۋە قاتتىق بىئارام بولۇپ يەنە يېتىپ قالىدۇ. بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىمقى كېسەلدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالىدۇ. ئۆيىگە بېرىپ تارقىلىۋاتقان ئىغۋا ھەققىدە ئانىسىدىن سورىغىنىدا، ئانىسى بۇ ئىغۋانىڭ راست تارقىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېچە بىلەن كۈندۈزنى يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ تۆھمەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ تۆھمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە مۇنبەرگە چىقىپ جامائەتكە: «بىر ئادەم مېنىڭ ئائىلەمگە تىل تەگكۈزۈش ئارقىلىق ماڭا يارىدەم بىزگە ناھايىتى قاتتىق ئەزىيەت قىلدى. سىلەردىن كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟ مەن ئائىلەمنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنىمەن» دەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ناھايىتى ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئەي ئائىشە! سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئىغۋالار بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر سىز پاك بولسىڭىز، ئاللاھ سىزنى چوقۇم ئاقلايدۇ، ئەگەر گۇناھ قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭ» دەيدۇ. بۇ چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتكەچ دادىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. دادىسى «نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن ئانىسىغا يالۋۇرىدۇ. ئانىسىمۇ دادىسىنىڭ ئېيتقان سۆزىنىڭ بەئەينىسىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن «بىلىۋاتىمەنكى، سىلەر بۇ ئىغۋانى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ

توغرا ياكى يالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدىڭلار. مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى ۋە بۇ ئىغۋانىڭ پەقەتلا بىر تۆھمەت ئىكەنلىكىنى ئېيتساممۇ سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە بەلكى ئىشەنمەيسىلەر. ئەمما ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، مېنىڭ پاكلىقىمنىمۇ بىلىدۇ. مەن بۇ ھەقتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن باشقىسىنى ئېيتالمايمەن دەپ، مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ: (مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ بۇ يالغانلىرىڭلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) ئاللاھ مەدەتكاردۇر)[16]. ئارقىدىنلا يەرگە يېقىلىپ قاتتىق يىغلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ئاللاھ مېنى چوقۇم ئاقلايدۇ» دەيدۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ، بىر كۈنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاقلىغان ئايەتلەر نازىل بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە «ئەي ئائىشە! سىزنى ئاللاھ ئۆزى ئاقلىدى، سىزنى تۆھمەتتىن ئاقلىدى، سىزگە مۇبارەك بولسۇن» دەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئەي قىزىم! رەسۇلۇللاھقا ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، دېگەندە»، ئۇ: «مەن ئۇنىڭغا ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، ئاللاھتىن باشقىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيمەن. چۈنكى، مېنى ئاللاھ ئۆزى ئاقلىدى» دەيدۇ[17]. مانا بۇ ھەقىقىي تەۋھىد، مانا بۇ تەۋھىدنىڭ رېئاللىقتا تەتبىقلىنىشى.

[16] يۇسۇف سۈرىسى:18 _ ئايەت.

[17] «صحيح البخاري» 3- توم 173-بەت 2661 –ھەدىس.

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلمەس سۆزى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ قەدىناس دوستى ۋە ئەڭ ۋاپادار ھەمراھى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى دوستلۇقنى تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش يولىدا ئىككىسى غاردا يوشۇرۇنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھارغىنلىقتىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن يىلان چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىئارام قىلمىسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنىڭ بىر قىسمىنى يىرتىپ، پارچە - پارچە رەخت قىلىپ، بۇ رەختلەر بىلەن غاردىكى تۆشۈكچىلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ چىقىدۇ. بىر تۆشۈكچە قالغاندا رەخت يەتمىگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ قولىنى تۆشۈككە بېسىپ تۇرىدۇ. شۇ ئەسنادا ئاشۇ قولىنى يىلان چېقىۋالغانلىقتىن، قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش تىمىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭزىگە چۈشىدۇ. ئۇلار يول بويى ئۇسسۇزلۇقتا ئازراق سۈتكە ئېرىشىدۇ. ئۇنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىچكۈزىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىنچە، بۇ قىسسىنى ساھابىلەرگە بايان قىلىپ بېرىپ: «ئاشۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇسسۇزلۇقۇم

شۇئان بېسىقىپ قالغان ئىدى» دەيدۇ. دېمەك، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەنە شۇنداق ياخشى كۆرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەۋەرگە ئىشەنمىگەن ھالدا، «كىمكى رەسۇلۇللاھنى ۋاپات بولدى دەيدىكەن، ئۇنىڭ بېشىنى ئالىمەن» دەپ يۈرگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبىگە چىقىپ جامائەتكە مۇنداق دېگەن: «ئەييۇھەنناس! كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلغان بولسا، مۇھەممەد ۋاپات بولدى، كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ». مانا بۇ ھەقىقىي تەۋھىد، مانا بۇ ھەقىقىي ئىمان.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى

خالىد ئىبنى ۋەلىد ساھابىلەر ئىچىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ھەربىي قوماندان ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن «ئاللاھنىڭ قىلىچى» دېگەن كاتتا ئۇنۋانغا ئىگە بولغان. خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىق قىلغان غازاتلارنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلار ئاساسەن غەلىبە قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا، خەلىپە ئۆمەر ئۇنى سەۋەبسىز ھالدا قوماندانلىقتىن ئېلىپ تاشلايدۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇ ئۇشتۇمتۇت ئەھۋالدىن ھەيران قېلىپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئۇنىڭدىن: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! مېنى نېمىشقا ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلىدىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما كۆردۈمكى، كىشىلەر غەلىبىنى ئاللاھتىن ئەمەس، خالىدتىن كەلدى دەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئىنسانلار غەلىبە خالىدتىن ئەمەس، خالىدنىڭ رەببىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدىم» دەيدۇ. مانا بۇ تەۋھىد ئەقىدىسى. خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقتىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى داۋام قىلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى بۇ خاتالىق تۈزىتىلدى.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئاتائۇللاھ سەئىد



ئابدۇلئەھەد ھاپىز

# ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەقلىي دەلىللىرى

كۈنىمىزدە ماددىي مەنپەئەتكە يۈزلىنىش ۋە مەسئۇلىيەتتىن قېچىش خاھىشىنىڭ ئاشقۇنلۇق دەرىجىسىگە يېتىشى، ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، كاپىتالىستلارنىڭ سان - ساناقسىز يېڭى بۇيۇملارنى توختىماي ئىشلەپچىقىرىپ ئىنسانلارنى ئىستېمالچىلىققا تەشۋىق قىلىشى ئىنسانلارنى پۇل - مال، ۋە ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن رىقابەتلىشىشتىن باشقا نەرسىنى ئويلىيالمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جەمئىيەتتىكى كىشىلەردە، بولۇپمۇ ياشلاردا نەپس خاھىشى ۋە شەھۋانىي ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ، مەسئۇلىيەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ھالال - ھارام تونۇمايدىغان ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خۇداسىزلىق ئەۋج ئالدى، ھەمدە مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ھېچ تەپ تارتماستىن ئۆزىنىڭ ئاتېئىست ئىكەنلىكىنى ۋە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن مۇرتەت بولغانلىقى سورالغاندا، بەرگەن جاۋابلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئىماننىڭ دەلىللىرىنى بىلمەيدىغانلىقى، بۇ دۇنيانىڭ يەككە - يېگانە ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىغا دەلىل - ئىسپات تاپالمىغانلىقى ۋە دىن دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شۈبھىلىك سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن دىندىن يىراقلاشقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، ياشلارنىڭ ئىمانىنى قوغداش ۋە ئىماندىن يېنىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئەقلىي دەلىل - پاكىتلار بىلەن قايىل قىلىش لازىم.

دىنىمىز دۇنيادىكى بىردىنبىر ھەق دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىمنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىغىنى يوق. قۇرئان كەرىم تۇنجى نازىل بولغان ئايىتىدىن باشلاپ ئىنسانلارنى ئەقلىي دەلىل - ئىسپات بىلەن قايىل قىلىش يولىنى تۇتقان. بۈگۈنمۇ ئەڭ مۇھىم ۋە ئۈنۈملۈك يول ئەنە شۇ قايىل قىلىش يولىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ۋە دەھرىيلەرنىڭ شۇبھىلىرىگە رەددىيە بەرگەن ئەقلىي دەلىللىرى بۈگۈنكى دەھرىيلەرگىمۇ كۈچلۈك ۋە قايىل قىلارلىق دەلىلدۇر. چۈنكى بۇ دەلىللەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى كۈچلۈك دەلىل - پاكىتلار بىلەن مۇستەھكەملەپ، ھەرخىل شۇبھىلەر ئالدىدا يىقىلمەيدىغان، بەلكى شۇبھىلەرنى دەلىل - پاكىتلار بىلەن بىتچىت قىلالايدىغان كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، ھەمدە دىنسىزلارنى قايىل قىلىپ، توغرا تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ھەقىقەتنى سەپسەتىلەردىن ئايرىپ، خاتا يولدىن قايتىشقا چاقىرىدۇ. بىز تۆۋەندە ئىماننىڭ جەۋھىرى بولغان ئۈچ مەسىلە ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئەقلىي دەلىللەردىن بىر نەچچىنى بايان قىلىمىز:

## بىرىنچى مەسىلە: يارىتىلىش

ئاتېئىستلار دۇنيانىڭ بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارغا مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ، أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَلْ لَا يُوقِنُونَ﴾ (ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار ئىشەنمەيدۇ)[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن» دېگۈچىلەرگە ئۈچ ئەقلىي دەلىل سۇندى:

1- ﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ﴾ (ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟)

دۇنيادا ھەر كۈنى نەچچە مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىۋاتقانلىقى ھەممە كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بىر ھەقىقەت. شۇنىڭدەك ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جانلىق - جانسىز بارلىق مەۋجۇداتلارمۇ بۇرۇن يوق ئىدى، كېيىن بارلىققا كەلگەن. بۇلار قانداق بارلىققا كەلدى؟ ئۇلار ياراتقۇچىسىز پەيدا بولغانمۇ؟ بۇ سوئالغا ئاتېئىستلار ئۈچ خىل جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن: (1) ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلگەن. (2) تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن. (3) تەبىئەت ياراتقان.

(1) ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلگەن. مەۋجۇد بىر نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىن باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىشى ئىمكانسىزدۇر. مەسىلەن: دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ قويسا، نەچچە يىل ئۆتسىمۇ ئۇ ياغاچلار بىر ئۈستەلگە ياكى بىر قاچىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. بار بىر نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىن باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن بولمىغان يەردە، قانداقمۇ ئەسلىدىن يوق نەرسە ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ بارلىققا كېلىدۇ؟! يوقتىن بارلىققا كېلىشى ئۇياقتا تۇرسۇن ھېچقانداق

[1] تۇر سۈرىسى: 34-35- ئايەتلەر.

بىر نەرسە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئۆزلىكىدىن يۆتكىلىپ قالمايدۇ. بىر يەرگە تۇيۇقسىز بىر نەرسە پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالدى، دېسە، كىچىك بالىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەم: ئۇنى چوقۇم بىراۋ ئەكىلىپ قويغان، دەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۆيدىن بىر نەرسە يوقاپ كەتسە، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ؛ ئۇنى چوقۇم ئوغرى ياكى باشقا بىرى ئېلىپ كەتكەن، دەيدۇ. بۇ ئاددىي بىر ھەقىقەت بولغان ئىكەن، ئىنسانغا ئوخشاش مۇكەممەل بىر مەخلۇقنىڭ ئۆزلىكىدىن بارلىققا كېلىپ، كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان، سۆزلەيدىغان، ئويلايدىغان بىر جانلىق ھالىتىگە كېلىشى نەچچە مىڭ ھەسسە ئىمكانسىزدۇر. باشقا بارلىق مەۋجۇداتلارمۇ شۇنداق. دېمەك، ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغان دېيىش كىچىك بالىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان بىر خۇراپات ۋە باتىلدۇر.

(2) تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن. ئالەمدىكى مەۋجۇداتلاردىن ھېچبىرىنىڭ تاسادىپىي بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى تاسادىپىيلىقتا قانۇنىيەت، پىلان ۋە ئۆلچەم بولمايدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار مەلۇم قانۇنىيەت ۋە ئۆلچەم بىلەن پىلانلىق يارىتىلغان. مەسىلەن: خىلمۇخىل دورىلارنىڭ خام ماددىلىرى سېلىنغان قۇتىلار تىزىپ قويۇلغان بىر دوراخانا بار، قاتتىق يەر تەۋرەپ، دوراخانىدىكى قۇتىلار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئىچىدىكى خام ماددىلار تاسادىپىي بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ باش ئاغرىقىنى توختىتىدىغان ئاسپىرىن ياسىلىپ قاپتۇ ياكى يۈرەك ئاغرىقى دورىسى ياسىلىپ قاپتۇ دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى بىر دورىنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇرۇچلىرى بولغان خام ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىدىغان بىر دورىگەرنىڭ ھەربىر ماددىنى مەلۇم مىقداردا ئۆلچەپ قوشۇشى ۋە



ئۇنى مەخسۇس شەكىلدە ياساپ چىقىشى لازىم. ئۇنداقتا، مۇئەييەن بىر قانۇنىيەت ۋە سىستېما بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەر جەھەتتىن ئۆلچەملىك ۋە پىلانلىق يارىتىلغان ئىنسان ۋە باشقا مەۋجۇداتلارنىڭ تاسادىپىي بارلىققا كېلىشى ئىمكانسىزدۇر. دېمەك، تاسادىپىي يارىتىلغان دېيىش ئاساسى يوق قۇرۇق سەپسەتىدۇر.

(3) تەبىئەت ياراتقان. بىر نەرسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇنى ياراتقۇچىنىڭ ھايات بولۇشى، ئىلىم ئىگىسى بولۇشى، ئىرادە ئىگىسى بولۇشى ۋە كۈچ - قۇدرەت ئىگىسى بولۇشى لازىم بولىدۇ. بىلىمى، ئىرادىسى ۋە كۈچى بولمىغان جانسىز تەبىئەتنىڭ بىر نەرسە يارىتالىشى ئىمكانسىزدۇر. تەبىئەتنىڭ يارىتىشى ئىمكانسىز بولغاندەك تەبىئىي ھالدا بارلىققا كېلىشمۇ ئىمكانسىز. چۈنكى تەبىئىي ھالدا بارلىققا كەلسە ھەممىسى بىرخىل، ئوخشاش بولاتتى. ھالبۇكى دۇنيادىكى ئىنسان ۋە باشقا بارلىق مەۋجۇداتلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىر باغدا ئالما، ئامۇت، شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە باشقا مېۋە دەرەخلىرى بار. بۇ نەرسىلەر بىر يەردە ئۆسىدۇ، بىر سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ ۋە بىر ھاۋادا يېتىلىدۇ. دېمەك، تەبىئەت بىر، لېكىن ئۇ دەرەخلەردىن شەكلى، رەڭگى، تەمى، پۇرىقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر چىقىدۇ. بىر بىلىملىك زات ھەربىر مېۋىنى مەخسۇس شەكىل، مەخسۇس تەم، مەخسۇس پۇراق ۋە مەخسۇس ھەجىمدە پىلانلاپ ياراتمىسا، تەبىئىي ھالدا بىرى چوڭ، بىرى كىچىك، بىرى يۇمىلاق، بىرى سوقا، بىرى قىزىل، بىرى سېرىق بولۇپ قېلىشى ئىمكانسىزدۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟» دېگەن سوئالىغا، مەيلى ئاتېئىست بولسۇن، ئەقىل - ھوشى جايىدا ھەرقانداق كىشىنىڭ «ياراتقۇچىسىز يارىتىلغان ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرمەي چارىسى يوق. ياراتقۇچىسىز يارىتىلمىغان بولسا، قانداق بارلىققا كەلدى؟

2- ﴿أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ﴾ (ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟) يەنى ئۆز - ئۆزىنى ياراتقانمۇ؟ بۇنىڭغىمۇ «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى بىر نەرسىنى يارىتىپ بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ باشتا مەۋجۇد بولۇشى، ھايات بولۇشى، ئەقىللىق بولۇشى، بىلىملىك بولۇشى، قۇدرەت ۋە ئىرادە ئىگىسى بولۇشى شەرت. بۇ شەرتلەردىن بىرەرسى كەم بولسا، يارىتىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئۆزى ئەسلى يوق ئىكەن قانداق ئۆزىنى يارىتالايدۇ؟!

3-﴿أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ﴾ (ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟). بۇ سوئالغىمۇ «ياق» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى سەلبىي بولغان ئىكەن، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئالەمنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانىنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك، ئىلىم - ھېكمەتلىك ۋە ئىرادىلىك يەككە - يېگانە ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ھېچقانداق شەك - شۈبھىنى قوبۇل قىلمايدىغان

بىر شەكىلدە ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

## ئىككىنچى مەسىلە: ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىلى

بۇ ئالەمنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسى، شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بىر - بىرىگە ماس ھەرىكەت قىلىشىغا قارايدىغان بولساق، پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتقان زاتنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى، ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقلۇقىنى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشتەك ئېنىق كۆرىمىز. چۈنكى ئۈستىمىزدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋە دېڭىز ئوكيانلاردىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەگەر ياراتقۇچى بىر بولماستىن كۆپ بولسا: قۇياش، ئاي، زېمىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كائىناتتىكى ھەربىر شەيئىنى ئايرىم - ئايرىم ئىلاھلار ياراتقان بولسا، ھەر ياراتقۇچى ئۆز ئالدىغا سىستېما ۋە قانۇنىيەت بېكىتكەن بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا بىر خىل نىزام ۋە سىستېما بولمايتتى-دە، توقۇنۇش يۈز بېرەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلا اللَّهُ لَفَسَدَتَا فَسُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾ (ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ھەر ئىككىسى ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى. دېمەككى، ئەرشنىڭ رەببى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر)[2]. يەنى ئەگەر ئاسمان ۋە زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچىلار، باشقۇرغۇچىلار بولسا ئىدى، ھەممىسى ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ياراتاتتى ۋە ئۆزى خالىغان ھەرىكەت سىستېمىسى بېكىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن نە ئاسماندىكى مەخلۇقاتلار نە زېمىندىكى مەخلۇقاتلار ھازىرقىدەك بىرخىل سىستېما ۋە قانۇنىيەت بىلەن ھەرىكەت قىلمايتتى، بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ ھەممىسى ھالاك بولاتتى. ئۇنداق بولمىغان ئىكەن، بۇ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان يالغۇز ئاللاھتۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ بوھتانلىرىدىن ۋە سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ مَا تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُوا مِنَ الأَرْضِ أَمْ لَهُمْ شِرْكٌ فِي السَّمَاوَاتِ ائْتُونِي بِكِتَابٍ مِنْ قَبْلِ هَذَا أَوْ أَثَارَةٍ مِنْ عِلْمٍ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾ (ئى پەيغەمبىرىم! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، <سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ زېمىندىن نېمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، ياكى ئاسمانلارنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن ئورتاقچىلىقى بارمۇ؟ بۇ قۇرئاندىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاب، يا ئىلگىرىكىلەردىن قالغان ئىلىم بولسا ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار>)[3]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بۇت ۋە باشقا

[2] سۈرە ئەنبىيا: 22- ئايەت.

[3] سۈرە ئەھقاف: 4- ئايەت.

نەرسىلەرنى خۇدا تۇتۇپ، ئاللاھقا شېرىك قىلىپ چوقۇنغانلارنىڭ خاتالىقىنى ئەقلىي دەلىل بىلەن رەت قىلىپ دەيدۇكى، ئىلاھ بولۇشقا لايىق بولغان زات ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى بولۇشى لازىم. سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەر ئىلاھ بولۇش ئۈچۈن نېمە قىلىدى؟ ئۇلار زېمىندا بىر نەرسىنى ياراتتىمۇ ياكى ئۇلار ئاسماندىكى مەۋجۇداتلارنى باشقۇرۇشتا ئاللاھقا ئورتاقمۇ؟ ياكى سىلەر بۇنى ئىلگىرىكى كىتابلاردا ئوقۇدۇڭلارمۇ؟ راسچىل بولساڭلار بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرىڭلار. بۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابى «ياق» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەك، ياراتقۇچى ئاللاھ بىردۇر، يالغۇزدۇر، ھېچ شېرىكى، تەڭدىشى يوقتۇر، ئۇ بارلىق كامال سۈپەتلەرگە ئىگە، كەمچىلىك، ئاجىزلىق ۋە خاتالىقتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنىڭ بىردىنبىر ياراتقۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچى ئىلاھى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىستلارنىڭ پاكىتى بولمىغاندەك، ئاللاھقا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلغۇچى مۇشرىكلارنىڭمۇ ھېچقانداق دەلىل - پاكىتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ فَإِنَّمَا حِسَابُهُ عِنْدَ رَبِّهِ إِنَّهُ لا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ﴾ (كىم ئاللاھقا قوشۇپ باشقا ئىلاھقا چوقۇنىدىكەن، ئۇنىڭ (ئىلاھ قىلىۋالغان نەرسىسى) ھەققىدە ھېچقانداق دەلىلى يوقتۇر. ئۇ چوقۇم رەببىنىڭ ئالدىدا ھېسابقا تارتىلىدۇ، كاپىرلار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ)[4]. بۇ

ھەقتە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار.

### ئۈچىنچى مەسىلە: قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى

قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىش مەسىلىسى كاپىرلار تەرىپىدىن ئەڭ كۆپ ئىنكار قىلىنغان ۋە ھەر تۈرلۈك شۈبھىلەر كەلتۈرۈلگەن بىر مەسىلىدۇر. قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىش مەسىلىسى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى چىقىشىدىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم بولۇپمۇ مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر بۇ ھەقتە ئەڭ كۆپ توختالغان، ئۇنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغان ۋە كاپىر - مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھەقتىكى شۈبھىلىرىگە جاۋاب بەرگەن.

بىز ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى كاپىرلارنىڭ قىيامەت ھەققىدىكى پوزىتسىيەسىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شۈبھىلىرىنى، ئاندىن قايتا تىرىلىشنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرىمىز.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەت ھەققىدىكى پوزىتسىيەسى:

ئاللاھ تائالا كاپىر - مۇشرىكلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ بَلْ عَجِبُوا أَنْ جَاءَهُمْ مُنْذِرٌ مِنْهُمْ فَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ أَإِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَاباً ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ﴾ (قاف، ئۇلۇغ قۇرئان بىلەن قەسەمكى، ئىنكارچىلار ئۆزلىرىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرنىڭ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالدى. كاپىرلار: <بۇ ئاجايىپ بىر

[4] سۈرە مۇئمىنۇن: 117- ئايەت.

ئىش! بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ئايلانغاندىن كېيىن قايتا تىرىلەمدۇق؟ بۇ بەك يىراق بىر ئىشتۇر>)[5].

﴿وَكَانُوا يَقُولُونَ أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَامًا أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ، أَوَآبَاؤُنَا الْأَوَّلُونَ﴾ (كاپىرلار: <بىز ئۆلگەن، تۇپا ۋە ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن تۇرساق، يەنە تىرىلەمدۇق؟ ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئەجداتلىرىمىزچۇ؟> دەيتتى)[6]. يەنى ھەرگىز تىرىلمەيمىز، قىيامەت بولىدىغان ۋە قايتا تىرىلىدىغان ئىش يوق، دېمەكچى. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ پوزىتسىيەسى.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلىشىدىكى سەۋەبلەر:

### 1-دۇنيادىكى نېمەتلەردىن نەپسى خالىغانچە ھېسابسىز پايدىلىنىش ئىستىكى

كاپىرلار قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشكە ۋە ھېساب - كىتابقا ئىشەنسەك، دۇنيا نېمەتلىرىدىن خالىغانچە پايدىلىنالمايمىز، ھېساب ئالىدىغان زاتنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ ۋە ھېساب بېرىشنى قەتئىي خالىمىغانلىقى ئۈچۈن قىيامەتنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا إِنْ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ﴾ (كاپىرلار: <بىزنىڭ ھاياتىمىز پەقەت مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدۇر، بىز قايتا تىرىلگۈچى ئەمەسمىز> دېدى)[7]. ﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ وَمَا لَهُمْ بِذَلِكَ مِنْ عِلْمٍ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ﴾ (كاپىرلار: <بىزنىڭ ھاياتىمىز پەقەت مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدۇر، ياشايمىز ۋە ئۆلىمىز، بىزنى پەقەت زامان ھالاك قىلىدۇ (ئۆلگەندىن كېيىن ھايات يوق)> دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىلمى يوق. ئۇلار پەقەت شۇنداق گۇمان قىلىدۇ)[8].

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇ قارىشىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ ((ئى پەيغەمبىرىم!) ئېيتقىنكى، <ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟>. ئېيتقىنكى، <ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆئمىنلەر ئۈچۈندۇر (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرگىلا خاستۇر>. بۇنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مانا مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز)[9]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا دەيدۇكى، ئىمان ئېيتىش ئۇلارنى دۇنيا نېمەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىن مەھرۇم قىلمايدۇ. پەقەت باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلمىغان ۋە ئۆزگىمۇ زىيان كەلتۈرمەيدىغان شەكىلدە قانۇن - تۈزۈم ئىچىدە پايدىلىنىش، چىرايلىق كىيىنىش، ياخشى يەپ - ئىچىش ۋە ھەرخىل شەكىلدە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ

[5] سۈرە قاف: 1-3- ئايەتلەر.
[6] سۈرە ۋاقىئە: 47-48- ئايەت.
[7] سۈرە ئەنئام: 29- ئايەت.
[8] سۈرە جاسىيە: 24- ئايەت.
[9] سۈرە ئەئراف: 32- ئايەت.

ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن شېرىن، پاك يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا نېمەتلەردىن بۇ دۇنيادا كاپىر بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولسۇن بارلىق ئىنسانلار تەڭ بەھرىلەنسىمۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن دۇنيادا ئاللاھ كۆرسەتكەن شەكىلدە پايدىلانغان ۋە ئۇ رىزىقنى يارىتىپ بەرگەن رەببىگە شۈكۈر قىلغان مۇئمىنلەرلا بەھرىلىنىدۇ.

## 2-قىيامەتنىڭ بولۇشىغا شەك قىلىش، ئىشەنچ قىلالماسلىق

ئاللاھ تائالا ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشتىن شەكلىنىش كاپىرلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَالسَّاعَةُ لا رَيْبَ فِيهَا قُلْتُمْ مَا نَدْرِي مَا السَّاعَةُ إِنْ نَظُنُّ إِلا ظَنًّا وَمَا نَحْنُ بِمُسْتَيْقِنِينَ﴾ ((سىلەرگە) <ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، قىيامەتنىڭ (بولۇشىدا) ھېچقانداق شەك يوق> دېيىلسە: <قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىز پەقەت ئۇنى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمىز، بىز (ئۇنى چوقۇم بولىدۇ، دەپ) ئىشەنمەيمىز> دەيسىلەر)[10].

ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ﴿وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلَّا ظَنًّا إِنَّ الظَّنَّ لَا يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾ (ئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)[11]. يەنى گۇمان بىلەن بىر نەرسىنى ئىسپاتلىغىلى بولمىغاندەك، گۇمان بىلەن بىر نەرسىنى ئىنكار قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئىشەنچ ۋە ئىنكار قەتئىي دەلىلگە بىنا قىلىنىشى كېرەك.

## 3-ئاللاھنىڭ ئىنساننى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى قايتا تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىدىن شەكلىنىش كاپىرلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَضَرَبَ لَنَا مَثَلا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ﴾ (ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا، بىزگە مىسال كۆرسىتىپ: <بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟!> دېدى)[12]. يەنى بۇ كاپىر ئىنسان ئىنسان ئۆلۈپ، سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن تۇرسا، بۇنى قانداق تىرىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ يەنى ھېچكىم تىرىلدۈرەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قىيامەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇخىل تەپەككۇر ئۇسۇلى خاتا. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ يوقتىن يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇدى. ئەسلىدە چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى تىرىلدۈرۈشتىن ئۇ سۆڭەكنى يارىتىش قىيىن. چۈنكى ئۇنى يوقتىن يارىتىشقا كۈچى يەتكەن زات ئەلۋەتتە ئۇنى چىرىگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يېتىدۇ.

---

[10] سۈرە جاسىيە: 32- ئايەت.

[11] سۈرە يۇنۇس: 36- ئايەت.

[12] سۈرە ياسىن: 78- ئايەت.

شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ ئىنكار سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنْشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ﴾ (ئېيتقىنكى، >ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەرقانداق (مەخلۇقاتنى) يارىتىشنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر<)[13]. ﴿لَخَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِ النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ بىر ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ)[14]. ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى سانسىز مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى زاتنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق ئىشنىڭ ئۇنىڭغا قىيىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىنساندىن ئىبارەت كىچىك بىر مەخلۇقنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئىشەنمەستىن، ئۆلۈپ بەدەنلىرى ۋە ئۇستىخانلىرى چىرىپ توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى تىرىلدۈرۈش ئىمكانسىز دەپ قاراش ئىنتايىن دۆتلۈك ۋە بىلىمسىزلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئايەتنىڭ ئاخىرىنى «ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ» يەنى توغرا پىكىر قىلمايدۇ، چوڭ نەرسىنى يارىتىشقا قادىر بولغۇچىنىڭ ئەلۋەتتە كىچىك نەرسىنى تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يېتىدۇ، دەپ ئويلىمايدۇ، دەپ تاماملىدى.

## 4-ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش

ئاللاھ تائالا قىيامەتنى چوقۇم قايىم قىلىدىغانلىقىغا ئەقلىي ۋە ئىلمىي دەلىللەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، كاپىرلار ئۆز ئەقىدىسى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغداشقا ئامالسىز قېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئەگىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿بَلْ قَالُوا إِنَّا وَجَدْنَا آبَاءَنَا عَلَى أُمَّةٍ وَإِنَّا عَلَى آثَارِهِمْ مُهْتَدُونَ﴾ (بەلكى ئۇلار: >بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىن ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپقۇچىلارمىز< دەيدۇ)[15].

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتىدۇ: ﴿أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ شَيْئًا وَلَا يَهْتَدُونَ﴾ (ئۇلارنىڭ ئاتا -بوۋىلىرى ھېچنەرسىگە ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ۋە ھىدايەت تاپمىغان بولسىمۇ، يەنە شۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟!)[16]. يەنى ئەقىل - ھوشى جايىدا ئىنسان ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تۇتقان يولى ۋە قارارلىرىنى ئەقىل كۆزى بىلەن تەكشۈرۈپ توغرا - خاتاسىنى پەرقلەندۈرۈشى، دەلىلگە ئاساسلانغان توغرا ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خاتا ئىشلىرىنى تەرك ئېتىشى كېرەك. ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن ئاتا - بوۋىلىرىمىز قانداق ئېتىقاد قىلغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز، دەپ قارىغۇلارچە ئەگىشىش، دەلىل - پاكىتلىق ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۆزىنى ئىنسانلىق

[13] سۈرە ياسىن: 79- ئايەت.
[14] سۈرە غافىر: 57- ئايەت.
[15] سۈرە زۇخرۇف: 22- ئايەت.
[16] سۈرە بەقەرە: 170: ئايەت.

مەرتىۋىسىدىن ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدىغان، ھەيدىگەن تەرەپكە ماڭىدىغان ھايۋاناتلارنىڭ قاتارىغا چۈشۈرگەنلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَثَلُ الَّذِينَ كَفَرُوا كَمَثَلِ الَّذِي يَنْعِقُ بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَاءً وَنِدَاءً صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَعْقِلُونَ﴾ (كۇپرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلارنى ھىدايەتكە چاقىرغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي ئاۋۇشنى ۋە ئاۋازنىلا ئاڭلايدىغان ھايۋاناتلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. (چۈنكى ئۇ كاپىرلار) گاستۇر، گاچىدۇر ۋە كوردۇر، شۇڭا ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ)[17].

## 5-ئىنسان بەدىنىنىڭ يەرنىڭ ئاستىدا پارچىلىنىپ تاراپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى توپلاش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاش

﴿وَإِنْ تَعْجَبْ فَعَجَبٌ قَوْلُهُمْ أَإِذَا كُنَّا تُرَابًا أَإِنَّا لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ﴾ ((ئى پەيغەمبىرىم!) ئەگەر ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، كاپىرلارنىڭ: «بىز توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن يارىتىلامدۇق؟» دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىكتۇر)[18].

﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَى رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ﴾ (كاپىرلار (بىر - بىرىگە) «سىلەرگە سىلەر (يەرنىڭ ئاستىدا چىرىپ) تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن يارىتىلىدىغانلىقىڭلارنى خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دەيدۇ)[19].

﴿وَقَالُوا أَإِذَا ضَلَلْنَا فِي الْأَرْضِ أَإِنَّا لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ بَلْ هُمْ بِلِقَاءِ رَبِّهِمْ كَافِرُونَ﴾ (ئۇلار: «بىز يەرنىڭ ئاستىدا تۇپراققا ئايلىنىپ يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن راستتىنلا قايتا يارىتىلامدۇق؟» دەيدۇ. بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلىدۇ)[20]. ئىنكارچى كاپىرلارنىڭ مەزكۇر ئۈچ ئايەتتىكى سۆزىنىڭ خۇلاسىسى: ئىنسان ئۆلۈپ ئۇزۇن يىللار يەر ئاستىدا قالغاندىن كېيىن بەدەنلىرى پارچىلىنىپ، ئۇستىخانلىرى چىرىپ، توپىغا ئايلىنىپ يوق بولىدۇ، بەلكى ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەركىبىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنى ھايۋاناتلار يەيدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئەسەر قالمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، ئۇنى توپلاپ قايتا تىرىلدۈرۈش قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇ سۆزىگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ﴿قَدْ عَلِمْنَا مَا تَنْقُصُ الْأَرْضُ مِنْهُمْ وَعِنْدَنَا كِتَابٌ حَفِيظٌ﴾ (بىز زېمىنىنىڭ ئۇلارنىڭ (جەسەتلىرى)دىن قانچىلىك كېمەيتكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىمىز. بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ھەممە نەرسىنى ساقلىغۇچى) كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھفۇز) بار)[21]. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسان ئۆلۈپ قەبرىگە كۆمۈلگەندىن كېيىن، بەدەنلەر پارچىلىنىپ، تىتما - تىتما بولۇپ، سۆڭەكلەر چىرىپ ئۇۋۇلۇپ توپىغا ئارىلىشىپ يوق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمىدە ھەرگىز يوق بولۇپ

[17] سۇرە بەقەرە: 171- ئايەت.

[18] سۇرە رەئد: 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[19] سۇرە سەبەئ: 7- ئايەت.

[20] سۇرە سەجدە: 10-ئايەت.

[21] سۇرە قاف: 4- ئايەت.

كەتمەيدۇ، ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ، ئاللاھ كىمنىڭ ئۇستىخىنى قەيەرگە كەتتى، قايسى توپىغا ئارىلىشىپ كەتتى؟ بىلىپ تۇرىدۇ، ھەممىنى لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىپ ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا چىرىپ پارچىلىنىپ باشقا نەرسىلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن سۆڭەك پارچىلىرىنى توپلاپ بىرلەشتۈرۈپ، قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانىنى نە گۆش نە سۆڭەك ھېچنەرسە يوق ئىكەن، ئۇنى يارىتىپ جان بېرىپ، ھەربىر بەدىنى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىدىغان، كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان، سۆزلەيدىغان قىلىپ ياراتتى. ھەربىر ئەزانىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىشلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشى ئىنسانغا نىسبەتەن ئىمكانسىزدۇر. مانا مۇشۇنداق ئىمكانسىز ئەزالاردىن تەركىب تاپقان ئىنسانىنى يارىتىشقا كۈچى يەتكەن زاتنىڭ ئۇ ئىنسانىنى قايتىدىن يارىتىشى قىيىن ئىش ئەمەس.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، بارلىقىغا ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش قاتارلىق ئىمان ئاساسلىرىغا دەۋەت قىلغاندا، ئەقلىي دەلىل - پاكىتلارنى سۇنىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىش، توغرا ئويلاشقا يېتەكلەيدۇ. چۈنكى توغرا تەپەككۇر قىلمىغان كىشى خاتا يەكۈن چىقىرىدۇ، توغرا، ھەق يولنى تاپالمايدۇ ياكى توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ-دە، تەرسالىق قىلىپ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئەقىدە كىتابلىرىنى بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇشى، ئۇنى ياخشى چۈشىنىشى، بىلمىگەن يەرلىرىنى ئالىملاردىن سورىشى، شۇ ئارقىلىق ئىمانىنى ئەقلىي دەلىل - پاكىتلار بىلەن مۇستەھكەملىشى، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شۈبھە ۋە سەپسەتىلىرىگە كەسكىن جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

بىز يۇقىرىدا قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەقلىي دەلىللەردىن بىر نەچچە نەمۇنە سۇندۇق. ئاللاھ خالىسا كېلەركى ساندا، قۇرئان كەرىمدە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئەقلىي دەلىللەرنى سۇنىمىز.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ



# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 5- سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى قوشۇپ ئەۋەتىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن ،تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

# 2-نەشرى
# يېقىندا ھۇزۇرۇڭلاردا...

